مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە دەرسلىكى

# تىل - ئەدەبىيات

2 - يىللىقلار ئۈچۈن 1 - قىسىم



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## مەجبۇرىيەت مائارىپى تەجرىبە دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش - تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتى

ھەيئەت مۇدىرى: ساتتار ساۋۇت

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
غوپۇر ھاشىم
جاۋ مىڭ
ماۋ ۋېنشىڭ
ما شېڭشۇ
شيا پېن
ئەكبەر سىراجىدىن
جاڭ يۈيجيې
قابىلقاق سادىق
جاڭ چياڭ
ما ۋېنخۇا
تاھىر ناسىر
ئابلىمىت قاسىم
نۇرباقىت قادىر
ئەخەت سالى
مۇقاداس ئاقان

* * * *

تۈزگۈچىلەر:
ئايشەم پەيزۇللا
قادىر ئارسلان
ۋاھىتجان ئوسمان
ماھىبەدەر مەخمۇت
ئۆمەرجان توختى
ئامىنە ئابلىز
ئارزۇگۈل پالتا

مۇھەررىرى: ماھىبەدەر مەخمۇت

مەسئۇل مۇھەررىرى: ۋاھىتجان ئوسمان

مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزۇگۈل ھېيتەم

رەسسام: ئابدۇراخمان ئابلىز

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: شاھىدە يۈسۈپ

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئابدۇراخمان ئابلىز

# نەشرىياتتىن

بۇ «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بېكىتكەن مەجبۇرىيەت مائارىپى «تىل ـ ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى» گە ئاساسەن تۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى بۇ دەرسلىكنى بىرلىكتە تۈزدى. بۇ دەرسلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى.

بۇ دەرسلىكنى تۈزۈشتە، دۆلەتنىڭ دەرس ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل ئۇچۇر مەنبەلىرى ۋە ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىش ھەمدە يېڭى پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى مۇۋاپىق گەۋدىلەندۈرۈش كۆزدە تۇتۇلدى؛ بىلىم ۋە قابىلىيەت، جەريان ۋە ئۇسۇل، ھېسسىيات، پوزىتسىيە ۋە قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن تەربىيىلەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، مەزمۇن جەھەتتە ئەمەلىي تۇرمۇشتا قوللىنىش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىندى؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئۆگىنىش، ھەمكارلىشىپ ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىپ ئۆگىنىش جەريانىغا باشتىن ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، ھەممە ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆگىنىش تەلىپىنى قاندۇرۇشقا، دەرس ئىسلاھاتى ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.

بۇ دەرسلىكنى تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش جەريانىدا، ئۈرۈمچى شە-

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك سايباغ رايونلۇق ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار مول تەجرىبىگە ئىگە تەتقىقاتچىلارنى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى ئەۋەتىپ، يېڭى دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىمىزنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. دەرسلىكنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئازاد رەخمىتۇللا سۇلتان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن تۇرنان قاسىم، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن جېلىل ئابدۇراخمان، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدىن هامۇت ياسىن، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئابدۇقەييۇم توختىهاجى، ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونلۇق ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدىن رەيهان ھەمزە، ئايگۈل ئىمىن قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى. بىز بۇ دەرسلىكنىڭ نەشر قىلىنىشىغا قىزغىن ياردەمدە بولغان ئورۇنلارغا، ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈرگەن ۋە قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلەرنى بەرگەن ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز!

بۇ دەرسلىك مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە دەرس ئىسلاھاتى تەجرىبە رايونلىرىدىكى مەكتەپلەر 2 - يىللىقلىرىنىڭ 1 - ئوقۇش مەۋسۇمىدا ئىشلىتىلىدۇ. كېيىنكى نەشرىدە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا بايقىغان مەسىلىلەرنى نەشرىياتىمىزغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ، قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2004 - يىلى ئىيۇن

# مۇندەرىجە


ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرەيلى.......................... 1

بىرىنچى بۆلەك

## ئالتۇن كۈز

1. كۈز سەيلىسى ................................. 6
2. تەڭرىتاغ ................................. 10
3. ئۆسۈملۈكتە چارە كوپ................................. 14
مەشىق باغچىسى................................. 17

ئىككىنچى بۆلەك

## مەكتەپ تۇرمۇشى

4. ئۆزۈمنى سايلايمەن................................. 22
5. قىزىلگۈل ................................. 24
6. بىر مىنۇت ................................. 26
مەشىق باغچىسى ................................. 30

ئۈچىنچى بۆلەك

## يۇرتۇم

7. مەھەللەم ................................. 35
8. ئۇرۇمچى ................................. 39
9. قىش كېچىسى ................................. 42
مەشىق باغچىسى................................. 45

تۆتىنچى بۆلەك

## تەجرىبە ـ ساۋاق

10. شامال بالا ................................. 49
11. ئاچچىق ۋە تاتلىق................................. 53
12. يالغانچى بالا ................................. 57
مەشىق باغچىسى ................................. 61

بەشىنچى بۆلەك

## تىرىشىش ۋە خاسلىق

13. ساۋات چىقىرىش................................ 67
14. پەند ـ نەسىھەت....................................70
15. كىرپە بىلەن بورسۇق ..................................... 71
16. ئىزباسار تاللاش ................................75
مەشىق باغچىسى.................................. 79

ئالتىنچى بۆلەك

## كۆڭۈل ـ كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر

17. دېرىزە ئالدىدىكى شار................................ 85
18. بولسا مېنىڭدە.................................... 88
19. ئىككى پارچە كۇندىلىك خاتىرە ..................91
مەشىق باغچىسى ....................................94

يەتتىنچى بۆلەك

## تەبىئەت ئانام

20. زۇمرەت كۆل .........................................100
21. ئۈينىۋالغىن، بېلىجان ................................... 104
22. قىزىقارلىق بايقاش ....................................... 106
مەشىق باغچىسى ........................................ 109

سەككىزىنچى بۆلەك

## سىرلىق دۇنيا

23. مەن نېمە ........................................... 115
24. ئالەم تۇرمۇشىدىكى قىزىقارلىق ئىشلار ..........119
25. يېزا ئىگىلىكىدىكى زور ئۆزگىرىش.......... 122
مەشىق باغچىسى ....................................127

ئۇيغۇر تىلى ئاساس بىلىملىرى ..........................132
قوشۇمچە..........................................
كۈندىلىك خاتىرىنى قانداق يېزىش كېرەك ............... 134
سۆزلەرگە ئىزاھات

# ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرەيلى

## ئەستايىدىل ئوقۇش، يادلاش





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com










# دەرستىن سىرتقى ئۆگىنىش








www.uyghurkitap.com







## بىرىنچى بۆلەك

# ئالتۇن كۈز

يازنىڭ تومۇز كۈنلىرى ئاياغلىـ
شىۋىدى، سالقىن كۈز كۈنلىرىگە قەدەم
قويدۇق. كۈز مەنزىرىسى ھەقىقەتەن
گۈزەل ئىكەن. ئۇ خۇددى ئاجايىپ چىـ
رايلىق رەسىملەرگە ئوخشايدىكەن.

www.uyghurkitap.com

# 1. كۈز سەيلىسى

١٥-قىسىم ئوقۇدى.

كۈز پەسلى كەلدى. ئەتراپ ئالتۇن رەڭگە پۈركەندى. بىز مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۈز سەيلىسىگە چىقتۇق.

كۆپكۆك ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۇلار تۇرۇپ بىر توپ توشقانغا ئايلانسا، تۇرۇپ بىر توپ قوزا سىياقىغا ئۆزگىرەتتى. تۇرنىلار جەنۇبقا ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى.

كېۋەزلىكتىكى ئېچىلغان پاختىلار خۇددى ئاق بۇلۇت يەرگە چۈشۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئېتىزلىقتىكى باشاقلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان قوناق شاخلىرى كۈز شامىلىدا ئىرغاڭلايتتى. مەي باغلىغان ئالما، نەشپۈتلەر يوپۇرماقلار ئارىسىدىن بىزگە كۈز قىسىشاتتى.



، بۇ گۈزەل مەنزىرىلەر ساۋاقداشلارنىڭ زوقىنى قوزغىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قىن ـ قىنىغا پاتماي چۆپلۈكتە مولـلاق ئېتىشاتتى، بەزىلىرى چۆپلۈكتىن نېمىلەرنىدۇر ئىزدەۋاتاتتى، يەنە بەزىلىرى كۆك ئاسمانغا قاراپ ۋارقىرىشاتتى، بىر ـ بىرىنى قوغلىشاتتى، كۈلۈشەتتى. بۇ نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە، نېمىدېگەن خۇشال كەيپىيات ـ هە!،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ئوقۇڭ

تېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا توغرا، راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ ھەم ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن قىسمىنى يادلىۋېلىڭ.


مەنىسىنى سىلىشتۇراي





يازالايمەن

ساۋاقداشلارنىڭ　كېۋەزلىكتىكى　يېتەكچىلىكىدە

ئىرغاڭلايتتى　نېمىلەرنىدۇر　ئىزدەۋاتاتتى


سۆزلىيەلەيمەن

ھاۋا ئاستا ـ ئاستا سوۋۇشقا باشلىدى.

______ ئاستا ـ ئاستا ______ .

كېۋەزلىكتىكى ئېچىلغان پاختىلار خۇددى ئاق بولۇت يەرگە چۈشۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

______ خۇددى ______ .



مەن كۆز مەنزىرىسىنى تەسۋىر-
لەپ بىر پارچە رەسىم سىزىپ باقاي.



مەن يوپۇرماقلاردىن بىرەر
شەكىل ياساپ باقاي.



بىز ئۆزىمىز سىزغان رەسىم
ۋە ياسىغان نەرسىلەرنى يىغىپ
كۆرگەزمە قىلايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 2. تەڭرىتاغ

بۈگۈن دادام بىلەن بىللە «تەڭرىتاغدا كۈز» فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىگە باردىم.






كۆرگەزمىخانىدا دادام تاغ مەنزىرىسى تارتىلغان بىر پارچە سۈرەتكە ئۇزاقىچە قاراپ كەتتى.

— دادا، بۇ قايسى تاغ؟

— تەڭرىتېغى دېگەن مانا مۇشۇ.

— بۇ تاغ قەيەردە؟

— يۇرتىمىز شىنجاڭدا. بۇ تاغ ناھايىتى ئېگىز بولغاچقا، تاغ چوققىلىرى قىشمۇ ياز قار - مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ.



بۇ تاغدا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ئېقىن، كۆللەر، ئورمانلار، يايلاقلار، قىممەتلىك ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار بار. يۇرتىمىزنىڭ بارلىق گۈزەللىكلىرىنى مانا





مۇشۇ تەڭرىتېغىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. ئوغلۇم، بۇ سۈرەتكە قارا، — دېدى دادام، — بۇ يۇرتىمىزدىكى ئانا دەريا — تارىم دەرياسى. بۇ دەريانىڭ بىر قىسىم سۈيىمۇ تەڭرىتېغىدىن ئېرىپ چۈشكەن قار - مۇزلاردىن ھاسىل بولغان.

دادامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، تەڭرىتېغىغا بەكلا بارغۇم كەلدى. سۈرەتلەرنى قايتىدىن بىر - بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدىم.

ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قاپتىمەن.

— ئۆيگە قايتايلى، — دېدى دادام.

يولدا كېتىۋېتىپ دادامغا:

— دادا، مەن چوڭ بولسام چوقۇم فوتوگراف

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولىمەن. تەڭرىتېغىدىكى ئاپئاق چوققىلارنى، چوڭقۇر جىلغىلارنى، ئېقىن، كۆللەرنى، يايلاقلارنى، يايلاقلاردا ئوتلاپ يۈرگەن قوي، كالا، ئاتلارنى، رەڭگارەڭ ياۋا گۈل-لەرنى، ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەك، ھەسەل ھەرىلىرىنى، ياپيېشىل ئورمانلارنى، قۇشلارنى، ئېيىق، بۆرىلەرنى سۈرەتكە تارتىۋېلىپ مەنمۇ بىر كۆرگەزمە ئۆتكۈزى-مەن، - دېدىم.

—يارايسەن ئوغلۇم! - دېدى دادام.







ئوقۇڭ

تېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا توغ-را، راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.



مەنىسىنى سېلىشتۇراي

| | | |
|---|---|---|
| چوڭقۇر | ئاستى | قىش |
| تېيىز | ئۈستى | ياز |



تۇتاشتۇرالايمەن

| | |
|---|---|
| ئاپئاق | جىلغىلار |
| چوڭقۇر | ئورمانلار |
| رەڭگارەڭ | كۆللەر |
| ياپيېشىل | ياۋا گۈللەر |
| سوپسۈزۈك | چوققىلار |



مەن بىلىدىغان تاغلارنىڭ نا-
مىنى ئېيتىپ بېرەي.



تاغ مەنزىرىلىرى رەسىملىـ-
رىنى يىغىپ باقايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 3. ئۈسۈملۈكتە چارە كۆپ

قۇش ۋە ھايۋان بالىسى،
بارالايدۇ ھەرياققا.
ئۈسۈملۈكلەر قانداقچە،
كېتەلەيدۇ يىراققا؟



بالىلىرىغا ماماكاپ،
راستلاپ بېرەر پاراشوت.
غۇر ـ غۇر شامال ئۇلارنى،
ئېلىپ كېتەر يۇرتمۇ يۇرت.



بۇدۇشقاقنىڭ بالىسى،
تىكەن قاسراق كىيىدۇ.
ھايۋانلارغا يېپىشىپ،
كەڭ دالىغا كېتىدۇ.

بەكمۇ بەلەن ـ ياخشىدۇر،
پۇرچاق ئانا چارىسى.
قاقلانغاچقا ئاپتاپقا،
پىشار پۇرچاق دانىسى.

يېرىلغاندا دانلىرى،
پۇرچاق تاقلار ــ سەكرىشەر.
ئايرىلىشنىڭ ئالدىدا،
ئانىغا خوش دېيىشەر.



ئۆسۈملۈكتە چارە كۆپ،
ئىشەنمىسەڭ سىنچىلا.
بۇ ھېكمەتنى بىلمەيسەن،
ئەگەر بولساڭ بىپەرۋا.



ئوقۇڭ

شېئىرنى توغرا، راۋان، ھېسسىيات-
لىق دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇشنى مە-
شىق قىلىڭ ھەم يادلىۋېلىڭ.






مەنىسىنى
بىلىۋالاي



سۆزلىيەلەيمەن

پۇرچاق ئانىسىنىڭ چارىسى بەكمۇ ياخشى ئىكەن.

________ بەكمۇ ________ .


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


مەن ئۆسۈملۈكلەرگە سىنچىلاپ قارىدىم.

______ سىنچىلاپ ______ .

سەن بۇ ئىشتا بىپەرۋالىق قىلما.

______ بىپەرۋالىق ______



# مەشىق باغچىسى



بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئۆزئارا يېقىن ئىكەن.

| | | | |
|---|---|---|---|
| گۈزەل | مەنزىرە | چارە | كەڭ |
| چىرايلىق | كۆرۈنۈش | ئامال | چەكسىز |



بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئۆزئارا قارىمۇ قارشى ئىكەن.

| | | | |
|---|---|---|---|
| پىششىق | ئىچى | يېقىن | يورۇق |
| خام | سىرتى | يىراق | قاراڭغۇ |



مەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر-
دىن يەنە بىر نەچچىنى يازماقچى.

كۆرگەزمىخانا ئاپتاپپەرەس

شامالدۇرغۇچ ئىتتىپاقلىق



مۇۋاپىق سۆزلەرنى
تولدۇرالايمەن

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| (     ) | | | | (     ) |
| (     ) | كۆز | | شامال | (     ) |
| (     ) | | | | (     ) |



باھاردىكى ھەرىكەت —كۆزدىكى بەرىكەت.

كۆچۈرۈۋالاي
ئىسىمدە ساقلاي



دېكلاماتسىيە
قىلالايمەن

## كۆز ناخشىسى

چاقنار ئالتۇن ياپراقلار،
جىمىر - جىمىر.
قۇشلار ناخشا ئېيتماقتا،
ۋىچىر - ۋىچىر.

ئاقار دەريانىڭ سۈيى،
ئويناق - ئويناق.
دەرەخلەردىن چۈشمەكتە،
سارغۇچ ياپراق.

ناخشا ئېيتار تەبىئەت،
جىم تۇرماستىن.
كۆزنىڭ خېتى كەلمەكتە،
ئۇچۇپ شاختىن.

ئاغزاكى ئالاقە

# تەبرىكلەشنى ئۆگىنىۋېلىش



ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى يېتىپ كەلدى. مەن بىر ئاتكرىتكا ياساپ، مۇئەللىمگە سوۋغا قىلاي. ئاتكرىتكىغا نېمىلەرنى يازسام بولار؟ نېمىلەرنى يازماقچى بولغانلىقىمنى ئالدى بىلەن ساۋاقداشلىرىمغا سۆزلەپ بېرەي، ئاندىن يازاي.




ھۆرمەتلىك ______ مۇئەللىم:

بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن.

ئوقۇغۇچىڭىز: ______

2004 ـ يىل 10 ـ سېنتەبىر




ئوقۇتقۇچىڭىزغا ئاتكرىتكىنى بەرگەن ۋاقتىڭىزدا، ئوقۇتقۇچىڭىز بىلەن نېمىلەرنى دېيىشتىڭىز؟ سۆزلەپ بېقىڭ.

www.uyghurkitap.com

## بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىز





بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن



يوپۇرماقتا ياسالغان خەتكۈچ.



يوپۇرماقتىن ياسالغان رەسىم.

غازاڭلاردىن چاق ياساپ،
كۆز كەلمەكتە بۇ ياققا.
تۇرنىلارغا ئەگىشىپ،
ياز قاچماقتا يىراققا.

ئىككىنچى بۆلەك

# مەكتەپ تۇرمۇشى

ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمىزدا، دەرسخانىنىڭ ئىچى - سىرتىدا نۇرغۇن ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مەكتەپ تۇرمۇشى نەقەدەر مول ۋە رەڭگارەڭ - ھە!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 4. ئۆزۈمنى سايلايمەن

10 قەدەم ئۇقۇدى


قەيسەر سىنىپىمىزنىڭ تازىلىق ھەيئىتى ئىدى. ئالدىنقى كۈنى ئۇ باشقا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەتتى.

بۈگۈنكى سىنىپ يىغىنىدا مۇئەللىم يېڭىدىن تازىلىق ھەيئىتى سايلاشنى ئۇقتۇردى. كىمنى سايلاش كېرەك؟ سىنىپ ئىچى جىمىپ كەتتى. ساۋاقداشلار بىر - بىرىگە قارىشاتتى. جۇرئەت ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن ئۆزۈمنى سايلايمەن، - دېدى.

ھەممەيلەن ھەيرانلىقتا ئۇنىڭغا تىكىلدى. مۇئەللىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— جۇرئەت، ئېيتىڭا، سىز نېمىشقا ئۆزىڭىزنى سايلايسىز؟ - دەپ سورىدى. جۇرئەت:




— مەن قەيسەر بىلەن يېقىن دوست. ئۇ تازىلىقنى، ئەمگەكنى سۆيەتتى،

كوللېكتىپقا كۆيۈنەتتى. مەنمۇ ئەمگەكنى سۆيىمەن، كوللېكتىپقا كۆيۈنىمەن، ــ دېدى.

جۇرئەتنىڭ سۆزى ئاياغلاشقىچە بىلەن تەڭ، قىزغىن چاۋاك چېلىندى.


ئوقۇغۇچى

تېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا توغرا، راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.





سۆزلىيەلەيمەن

ئۇ ئەمگەكنى سۆيەتتى، مەنمۇ ئەمگەكنى سۆيىمەن.

________، مەنمۇ ________.

جۇرئەتنىڭ سۆزى ئاياغلاشقىچە بىلەن تەڭ، قىزغىن چاۋاك چېلىندى.

________ بىلەن تەڭ، ________


ئويلىنىپ سۆز-لەپ باقاي

1. نېمە ئۈچۈن جۇرئەتنىڭ سۆزى ئاياغلاشقىچە بىلەن تەڭ، قىزغىن چاۋاك چېلىندۇ؟

2. سىنىپىڭىزدا ھەيئەتلەرنى قايتا سايلاشقا توغرا كەلسە، كىمنى سايلايسىز؟ قارىشىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 5. قىزىلگۈل



مۇئەللىمىنىڭ بېغىغا،
تۇيدۇرماي كىرسەك دەيمىز.
دېرىزىسى تۈۋىگە،
قىزىلگۈل تىكسەك دەيمىز.

تىككەن گۈللەر ئەي بولۇپ،
شاخلاپ كۆركەم بوي تارتسا.
گۈلنى كۆرۈپ مۇئەللىم،
كۆڭلى يايراپ خۇش بولسا.

گۈل ياپرىقى شامالدا،
شىلدىرلىغان چاغلاردا.
بىزنى ناخشا ئېيتتى دەڭ،
بىر يېقىملىق ئاھاڭدا.

ئېچىلغان ھەر غۇنچىنى،
كۆلكىمىز دەپ بىلگەيسىز.
ئەجرىڭىزگە بىلدۈرگەن،
رەھمىتىمىز دېگەيسىز.

يۇلتۇز كەتتى ئۇيقۇغا،
سىزمۇ ئارام ئالغايسىز.
پۇراپ گۈلنىڭ ھىدىنى،
شېرىن چۈشلەر كۆرگەيسىز.



ئوقۇڭ

شېئىرنى توغرا، راۋان، ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭ ھەم شېئىرنىڭ 1 ـ ، 2 ـ كۇپلېتىنى يادلىۋېلىڭ.



يازالايمەن

قىزىلگۈل — دېرىزىسى

شىلدىرلىسا — رەھمىتىمىز



مەنىسىنى سېلىشتۇراي

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەجرى | ناۋادا | شېرىن | ھىدى |
| ئەمگىكى | ئەگەر | تاتلىق | پۇرىقى |



شېئىرنىڭ ئۆزىڭىز ياقتۇرغان بىر كۇپ-لېتىنى جۈملە شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ يېزىڭ.



مۇئەللىمگە يۈرەك سۆزلىرىمنى ئېيتىپ باقاي.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 6. بىر مىنۇت

سائەت جىرىڭلىدى، ئەلى تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغاندى. ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ: «بىر مىنۇت يېتىۋالاي، بىر مىنۇتقا مەكتەپكە كېچىكىپ قالماسمەن» دېدى ـ دە، سوزۇلۇپ ياتتى.

بىردەمدىن كېيىن ئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈزىنى يۇدى. ناشتا قىلىپ بولۇپ، سومكىسىنى ئېسىپ مەكتەپكە ماڭدى. ئۇ تۆت كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە، پىيادىلەر يولىنىڭ يېشىل چىرىغى ئۆچۈپ قىزىل چىرىغى يېنىپ قالدى. «ھەي، بىر مىنۇت بالدۇر كەلسەم بوپتىكەن» دېدى ئۇ ئۆزىگە ئاچچىقلاپ.

ئۇ يېشىل چىراغنىڭ يېنىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى. يېشىل چىراغ ياندى. ئۇ يولدىن ئۆتۈپ، بېكەتتە توختىغان ئاپتوبۇسقا قاراپ يۈگۈردى. بېكەتكە



يېتىپ باراي دېگەندە، ئاپتوبۇس مېڭىپ كەتتى. «ھەي، بىر مىنۇت بالدۇر ماڭغان بولسامچۇ!» دېدى ئۇ قاتتىق تېرىكىپ.

ئۇ تېخىمۇ تىت ـ تىت بولۇپ، كېيىنكى ئاپتو-بۇسنى ساقلاپ تۇردى. بىر مىنۇت، ئىككى مىنۇت... ۋاقىت ئۆتمەكتە، لېكىن قېرىشقاندەك ئاپتوبۇسنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئەلى مەكتەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى.

مەكتەپكە كەلگەندە دەرس باشلىنىپ بولغانىدى. ئۇ قورۇنغان ھالدا سىنىپ ئىشىكىنى چەكتى. ئەلى سى-نىپقا كىرىپلا قىزىرىپ كەتتى. مۇئەللىم قولىدىكى سائىتىگە قاراپ قويۇپ:

—ئەلى، توپتوغرا يىگىرمە مىنۇت كېچىكتى-ڭىز، —دېدى ـ دە، باشقا گەپ قىلماستىن ئولتۇرۇشقا



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

رۇخسەت قىلدى.

ئەلى ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۈزى ئوت بولۇپ يېنىۋاتاتتى، ئىچىدە: «بىر مىنۇت ... ھەي، بىر مىنۇت ...» دەپ تەكرارلايتتى.



**ئوقۇڭ**

تېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا توغرا، راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.



**مەنىسىنى بىلىۋالاي**

| | | |
|---|---|---|
| تاقەتسىزلىك بىلەن | قېرىشقاندەك | يۈزى قىزىرىش |
| تىت ـ تىت بولۇش | قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى | |



**جۈملە تۈزىيەلەيمەن**

ئاپتوبۇسنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

________ قارىسىمۇ ________ .



**كۆچۈرۈۋالاي ئېسىمدە ساقلاي**

ھۆرۈن ۋاقىت قەدرىنى بىلمەس،
ئۆتكەن ۋاقىت قايتىپ كەلمەس.

ۋاقىتنىڭ كەتتى ـ بەختىڭ كەتتى.

ۋاقىت ـ زور بايلىق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەشىق باغچىسى



مەنىلىرى ئۆزئارا يېقىن سۆزدىن يەنە بىرنەچچىنى بىلىۋالدىم. ئۇلار ...



مەنىلىرى ئۆزئارا قارىمۇقارشى بولغان سۆزدىن يەنە بىرنەچچىنى بىلىۋالدىم. ئۇلار...



سۆزلەرنى قۇردىن قۇرغا كۆچۈرۈپ يېزىشنى ئۆگىنىۋالدىم.

| | | |
|---|---|---|
| ئاسمان | ئاپتوبۇس | ئەمگەكچى |
| ئاس - | ئاپتو - | ئەم - |
| ـمان | بۇس | ـگەكچى |

ئۈلگە بويىچە تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭ. تۈزگەن جۈملىڭىز تۆت ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالسۇن.



بېرىلگەن سۆزلەر: يۈگۈرۈش ئوقۇش كۆرۈش يېزىش

ئۈلگە: مەن چۈشتىن كېيىن قىرائەتخانىدا گېزىت ئوقۇدۇم.
(ئادەم) (ۋاقىت) (ئورۇن) (ئىش)

مەن ئەزەلدىن بىر مىنۇت ۋاقىتنىمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ناھايىتى ئاز ۋاقىت دەپ قارىغان ئەمەس.

—— دارۋىن



كۆچۈرۈۋالاي
ئېسىمدە ساقلاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەكتەپ



ئوقۇيالايمەن
يادلىيالايمەن

مەكتەپ قوينى بەك ئىللىق،
گۈزەل باغقا ئوخشايدۇ.
ئۇستازىم بار مېھرىبان،
ئۆز ئانامغا ئوخشايدۇ.

ساۋاقداشلار تىرىشچان،
ئۆگىنىمىز بىرلىكتە.
كۈندىن - كۈنگە ئۆرلەيمىز،
ئالغا بېسىپ ئۆملۈكتە.



داۋاملاشتۇراي

هەربىيلەر ئېيتىدۇ: ۋاقىت — غەلىبە.
دوختۇرلار ئېيتىدۇ: ۋاقىت — هايات.
دېهقانلار ئېيتىدۇ: ۋاقىت — ئاشلىق.
ئوقۇغۇچىلار ئېيتىدۇ: ۋاقىت — بىلىم

# مەكتەپتىكى پائالىيەتلىرىمىز

ئاغزاكى
ئالاقە



رەسىم-
دىكى ھەربىر
بالىنىڭ نېمە
قىلىۋاتقانلى-
قىنى سۆزلەپ
بېقىڭلار.




ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى بۆلەك

# يۇرتۇم

ۋەتەن بىزنىڭ ئانىمىز، بىز ۋەتىنىمىزنى، ئانا يۇرتىمىزنى سۆيىمىز. ئانا يۇرتىمىزدىن پەخىرلىنىمىز.



2005-9-19، قىسىم ئوقۇدى -5

# 7. مەھەللەم

قىسىم ئوقۇدى -5

مەن دائىم مەكتەپتىن قايتقىنىمدا كىچىك بازار-دىن ئۆتۈپ، ئۆستەڭ ياقىلاپ ماڭىمەن. بۇ يول دەل-دەرەخلەر ئارقىلىق مەھەللەمگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆيلەر ئاپئاق ئاقار-تىلغان. يولنىڭ سول تەرىپىدە سالقىن ئۆستەڭ، ئۆس-تەڭ قىرىدا قاتار ئاق تېرەكلەر بار. مەھەللىمىزنىڭ ئا-يىغى دەرياغا تۇتىشىدۇ. ھەر كۈنى سەھەردە مەكتەپكە ماڭغاندا، مەھەللىمىزدىكى ئانىلارنىڭ كوچىغا سۇ سې-پىۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن، چۈشتە مەھەللىمىز بۆلەك-چىلا جانلىنىپ كېتىدۇ. مەكتەپتىن قايتقان توپ - توپ



بالىلار ئۆيلىرىگە تارايدۇ. ئۇلار قۇشقاچ بالىلىرىدەك چۇۋۇرلىشىپ، كېيىكتەك سەكرىشىپ ئۆتكەندە، مەھەللىمىز كۆڭۈللۈك بالىلار دۇنياسىغا ئايلىنىدۇ. بىز ئوينىغان «ياغلىق تاشلاش»، «ئاق تاش، كۆك تاش»، «قارا ـ قارا قۇشلارىم»، «ۋاللەي»، «مۆكۈشمەك» قاتارلىق ئويۇنلار مەھەللىمىزنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋېتىدۇ.

مەن مەھەللەمگە بەك ئامراق. مەھەللەمنىڭ داۋاملىق مۇشۇنداق شاد ـ خۇرام بولۇشىنى خالايمەن.



ئوقۇۇڭ

تيكستتى ئورتاق ئەدەبي تىلدا ئۉنلۉك،
راۋان ئوقۇۇشنى مەشىق قىلىڭ.



قۇردىن قۇرغا
كۆچۈرۈپ يازالايمەن

مەھەللەمىزدىكى

جانلاندۇرۇۋچىدۇ

سىپىۋاتقانلىقىنى

بالىلىرىدەك



كۆچۈرۈۋالاي
ئىسىمدە ساقلاي

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگىرىڭ سامان بولماس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆز مەھەللەم توغرىسىدا سۆز-
لەپ باقاي ۋە سۆزلىگىنىمنى بىر-
نەچچە جۈملە قىلىپ يېزىپ باقاي.



بىز بىرلىكتە مەھەللىمىزدىكى
قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئويناپ باقايلى.

ئاق تاش، كۆك تاش،
دەريا بويى سۈزۈك تاش.
سېنىڭ بىلەن مەن ئاداش،
ئوينايدىغان بالىلار بارمۇ؟
... ...

# 8. ئۈرۈمچى



ئۈرۈمچى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى، مەدەنىيەت، مائارىپ بۆشۈكى، سانائەت قاتناش تۈگۈنى ۋە سودا - ساياھەت شەھىرى. ئۈرۈمچىدە خەلق مەيدانى، خەلق سارىيى، خەلق تىياتىرخانىسى، پەن - تېخنىكا سارىيى، تەنتەربىيە سارىيى، مۇزېي، دۆڭكۆۋرۈك خەلقئارالىق چوڭ بازىرى، شىنجاڭ مىللەتلەر كوچىسى قاتارلىق داڭلىق ئورۇنلار بار.

ئۈرۈمچىدە يەنە باللار ئىستىراھەت باغچىسى، خەلق باغچىسى، سۇ ئۈستى باغچىسى، ھايۋانات باغچىسى، ئۆسۈملۈكلەر باغچىسى قاتارلىقلار بولۇپ، بايرام كۈنلىرى باغچىلار ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ.



ئۈرۈمچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىزىلتاغ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئىلگىرى ئۇ قىپقىزىل تاشلىق تاغ بولغاچقا، «قىزىلتاغ» دەپ ئاتالغان، ھازىر يېشىللىقتا

پۈركەنگەن قىزىلتاغ باغچىسىغا ئايلاندى.



ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قاتناش تەرەققىياتى ناھايىتى تېز. ئاپتوموبىللار كۆپەيمەكتە، يوللار كېڭەيتىلمەكتە، ستېرېئولۇق كۆۋرۈك، يەر ئاستى ئۆتۈشمە يوللار ياسالماقتا. ھەيۋەتلىك ھەم كۆركەم زامانىۋى بىنالار كەينى - كەينىدىن قەد كۆتۈرمەكتە. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قاتار كەتكەن دەل - دەرەخلەر ۋە رەڭگارەڭ گۈللەر ئۈرۈمچىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشماقتا.



ئۈرۈمچى خەلقى ئەقىل - پاراسەتلىك، ئىشچان، مېھماندوست. بۇ شەھەردە ھەر مىللەت خەلقى ئىناق ۋە خۇشال - خۇرام ياشايدۇ.



ئوقۇڭ

تېكىستنى ئۈنلۈك، راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.



ئاڭلاپ يازالايمەن

| | | |
|---|---|---|
| رايونىمىزنىڭ | ئاپتوموبىللارنىڭ | تەرەققىياتى |
| | ستېرېئولۇق | تىياتىرخانىسى |



ئوقۇپ سېلىشتۇراي

ھەيۋەتلىك — ھەشەمەتلىك

ئازادە — كەڭ - كۈشادە

تېز — ئىتتىك، ئىلدام

پۈركەنگەن — ئورالغان، قاپلانغان



ئۈرۈمچى ھەققىدە بىلىدىغان- لىرىمنى سۆزلەپ بېرەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


# 9. قىش كېچىسى



تاتلىق، تاتلىق، بەك تاتلىق،
قىشنىڭ كېچىسى.
ئۈۋىسىدىن قۇشقاچنىڭ،
كەلمەس چىققۇسى.



تاتلىق، تاتلىق، بەك تاتلىق،
قىشنىڭ كېچىسى.
دېرىزىدە يالتىرار
ئاينىڭ شولىسى.



تاتلىق، تاتلىق، بەك تاتلىق،
قىشنىڭ كېچىسى.
ئاڭلىنىدۇ يىراقتىن،
ئەللەي ناخشىسى.



تاتلىق، تاتلىق، بەك تاتلىق،
قىشنىڭ كېچىسى.
كېلەر قارنىڭ تۈيدۈرماي
لىباس ياپقۇسى.



تاتلىق، تاتلىق، بەك تاتلىق،
قىشنىڭ كېچىسى.
كىتاب ئوقار بىر بالا،
قېچىپ ئۇيقۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شېئىرنى توغرا، راۋان، ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىش ھەم يادلىۋېلىش.

ئوقۇش يادلاش



تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ يېقىن مەنىسىنى بىلىۋالاي




رەڭگى ئاپئاق ھەم ئۇۋاق،
شېكەر ئەمەس، تۇز ئەمەس.
سۇ بولىدۇ ئېرىسە،
لېكىن ئېتى مۇز ئەمەس.



مەن ئېيتاي سىز تېپىڭ



شېئىرنىڭ ئۆزىڭىز ياقتۇرغان ئىككى كۇپلېتىنى ياد يېزىڭ.



يۇرتىمىزدىكى قىشنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى سۆزلەپ باقايلى.

# مەشىق باغچىسى



بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئۆزئارا قارىمۇقارشى ئىكەن.

| | | |
|---|---|---|
| كۆڭۈللۈك ــ كۆڭۈلسىز | راست ــ يالغان | خەتەرلىك ــ بىخەتەر |



ئوقۇپ سېلىشتۇراي

قىشتا ئۈرۈمچى بەك سوغۇق بولىدۇ.

قىشتا ئۈرۈمچىدە قاتتىق سوغۇق بولىدۇ.

قىشتا ئۈرۈمچى ئىنتايىن سوغۇق بولىدۇ.



مەنىسى يېقىن سۆزلەرنى تاللاپ يېزىپ باقاي

داڭلىق، گۈزەل، ئالەم، مەزمۇت

ئۈلگە: ئالەم — جاھان

چىرايلىق — مەشھۇر — مۇستەھكەم

گۈزەل — داڭلىق — مەزمۇت

www.uyghurkitap.com



سۆزلىيەلەيمەن

بۇ گۈللۈك ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن، مەن بۇ گۈللۈكنى تەسۋىرلەپ سۆزلەپ باقاي.

ئۈرۈمچى ھەقىقەتەن ______ ئىكەن،
مەن ______ .



مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويالايمەن

كۈمۈشتەك ______
ھەيۋەتلىك ______
گۈزەل ______
كۆڭۈللۈك ______
ئاپئاق ______
تۈرلۈك ______



ئاڭلاپ يازايلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز. زامان ـ زامانلاردىن بېرى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مۇشۇ گۈزەل، باي ماكاندا ياشاپ كەلگەن. بىز جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيىمىز. ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ ئاۋات، تېخىمۇ باي ۋە كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.

ئاغزاكى ئالاقە

تۆۋەندىكى ئىككى پارچە رەسىمنى سېلىشتۇرۇپ سۆزلەپ باقايلى.







مەنزىرە رەسىملىرىنى توپلاپ سىنىپىمىزنى بېزەيلى.



رەسىمدىكى مىللەتلەرنىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرەي.






ئۆزۈم بىلىدىغان بىرەر مىللەت-
نىڭ ئۇسسۇلىنى ئويناپ بېرەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۆتىنچى بۆلەك

# تەجرىبە ـ ساۋاق

ئىبرەتلىك سۆزلەر، چۆچەكلەر، مەسەللەر بىزگە ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. بىز ئۇلارنى ئەستايىدىل ئوقۇپ باقايلى!



# 10. شامال بالا

5- قىسىم ئوقۇدى

شامال بالا چوڭ بولۇپتۇ. شامال ئانا:

— بالام، ئېتىزلىقتا بارغىن، ئۇ يەردە كىشىلەرگە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيسەن! ــ دەپتۇ.

ئېتىزلىقتا كەلگەن شامال بالا بىر چاقپەلەكنىڭ ئاستا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى، سۇنىڭ ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن پۈۋلەپتۇ، چاقپەلەك غۇيۇلداپ ئايلىنىشقا، سۇ تېز ـ تېز ئېقىشقا باشلاپتۇ. سۇغا قانغان مايسىلار خۇشاللىقىدىن باشلىرىنى لىڭشىتىپتۇ. شامال بالا بەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

شامال بالا دېھقانلارنىڭ خاماندا بۇغداي سورۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شامال ئانچە كۈچلۈك بولمىغاچقا، دېھقانلار ھەرقانچە كۈچىسىمۇ دان بىلەن سامان ياخشى ئايرىلمايۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرگەن شامال بالا خامانغا قاراپ پۈۋلەشكە باشلاپتۇ. داندىن ئايرىلغان سامان يىراقلارغا ئۇچۇپتۇ. دېھقانلار شامال بالىغا رەھمەت ئېيتىشىپتۇ.

شامال بالا: «ياخشى ئىش قىلىش بەك ئاسانكەن،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

پەقەت كۈچ چىقارسىلا بولىدىكەن» دەپ ئويلاپتۇ.



ئۇ بىر مەيدانغا بېرىپتۇ. ئۇ يەردە بىر نەچچە بالا لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتقانىكەن. شامال بالا قاتتىق پۈۋلەپتىكەن، لەگلەكلەر موللاق ئېتىپ كېتىپتۇ، بىر دەمدىن كېيىن قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. بالىلار تېپىرلىشىپ كېتىپتۇ.

شامال بالا بۇنى بىلمەي، پۈۋلەۋېرىپ كىشىلەرنىڭ بېشىدىن قويغان كىيىملىرىنى ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ، يول بويىدىكى كۆچەتلەرنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ.

كىشىلەر ئۇنى ئەيىبلەشكە باشلاپتۇ. شامال بالا ئىنتايىن بىئارام بولۇپ: «مەن كىشىلەرگە ياردەم قىلىۋاتسام، ئۇلار نېمىشقا مېنى ئەيىبلەيدۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ.





ئوقۇڭ

تېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا توغرا، راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.



ئوقۇيالايمەن
يازالايمەن

| | | |
|---|---|---|
| سورۇۋاتقانلىقىنى | ئايرىلمايۋاتاتتى | سۇندۇرۇۋەتتى |
| ئەيىبلەيدۇ | چىقىرىۋېرىپ | پۇۋلىگەندى |



ئوقۇيالايمەن
سۆزلىيەلەيمەن

شامال كۈچلۈك بولمىغاچقا، دېھقانلار ھەرقانچە كۈچىسىمۇ دان بىلەن سامان ياخشى ئايرىلمايۋاتاتتى.

______ ھەرقانچە ______ .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



مەن ئېيتاي
سىز تېپىڭ

ئۆزى يوق كۆچىدۇ،
قانىتى يوق ئۇچىدۇ.



كىشىلەرنىڭ شامال بالىنى نې-
مىشقا ئەيىبلىگەنلىكىنى بىلىۋالدىم.

5- قىسقىر ئوقۇدى.

## 11. ئاچچىق ۋە تاتلىق

بىر كۈنى تۈلكە ئۈزۈم بارىڭىغا كىلىپ قاپتۇ. يا-قۇتتەك چاقناپ تۇرغان ئۈزۈملەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئې-غىزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپتۇ. ئۇ شۆلگەيلىرىنى ئې-قىتقىنىچە:



— بىر ساپاق ئۈزۈم يە-ۋالسام قانداق ياخشى بولاتتى ھە! — دەپتۇ ـ دە، ئۈزۈملەرگە قولىنى سوزۇپ سەكرەپتۇ. با-راڭ ئېگىز بولغاچقا، ئۇ ھەر-قانچە سەكرىسىمۇ قولى يەت-مەپتۇ. ئاخىرى: «بۇنداق پىشمىغان ئۈزۈملەرنى يەپ نىمە قىلاي» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بىرىپتۇ.

دەرەخ ئۈستىدىكى تىيىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «تۈلكە بەك ئەقىللىق، قارىغاندا بۇ ئۈزۈملەر راستىلا ئاچچىق ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.



تىيىن تۈلكىنىڭ ئېيتقانلىرىنى توشقانغا

www.uyghurkitap.com



دەپتۇ. توشقان بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «بۇ ئۈزۈملەرنى يېيىشكە بولمايدىكەن - دە» دەپ ئويلاپتۇ.

بۇ چاغدا مايمۇن كەپتۇ - دە، باراڭغا چاققانلىق بىلەن يامىشىپ چىقىپ ئۈزۈم يېيىشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن توشقان ئالدىراپ:



- بۇ ئۈزۈملەر بەك ئاچچىق! - دەپ ۋارقىراپتۇ.

مايمۇن كۈلۈمسىرىگەن هالدا:



- سەن يەپ باقتىڭمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ. توشقان بېشىنى چايقاپ:

- يەپ باقمىدىم، بىراق تىيىن بەك ئاچچىق، دېگەنىدى، - دەپتۇ.



مايمۇن:

—تىيىن، سەن ئېتىپ باقتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

—ئېتىپ باقمىدىم، تۈلكە شۇنداق دېگەندى، — دەپتۇ تىيىن.

مايمۇن بۇ گەپلەرنى



ئاڭلىغاندىن كېيىن، تې- خىمۇ ھۇزۇرلىنىپ ئۈزۈم يېيىشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن تىيىن بىلەن توشقان ئۈزۈمنى تېتىپ بېقىپتۇ. «پاھ! نېمىدېگەن



تاتلىق — ھە!» تىيىن بىلەن توشقان تۈلكىنىڭ نېمە ئۈ- چۈن بۇ ئۈزۈملەرنى ئاچچىق دېگەنلىكىنى زادىلا چۈشە- نەلمەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

روللارغا بۆلۈنۈپ، تېكىستنى توغرا، را-
ۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.



ئوقۇڭ



جۈملە
تۈزىيەلەيمەن

تىيىن بىلەن توشقان تۈلكىنىڭ نېمە
ئۈچۈن بۇ ئۈزۈملەرنى ئاچچىق دېگەنلىكىنى
زادىلا چۈشىنەلمەپتۇ.

مەن بۇگەپنى زادىلا چۈشىنەلمىسەم .



ئوقۇپ
سېلىشتۇراي

مايمۇن باراڭغا ياماشتى.
مايمۇن چاققانلىق بىلەن باراڭغا ياماشتى.

مايمۇن ئۈزۈم يېيىشكە باشلىدى.
مايمۇن ھۇزۇرلىنىپ ئۈزۈم يېيىشكە باشلىدى.



جۈملىلەرنى
پەرقلەندۈرۈپ
ئوقۇيالايمەن

تىيىن تۈلكىنىڭ ئېيتقانلىرىنى
توشقانغا دەپتۇ.

سەن تېتىپ باقتىڭمۇ؟
بىر ساپاق ئۈزۈم يەۋالغان بولسام
قانداق ياخشى بولاتتى - ھە!



تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسەن
رول ئېلىپ باقايلى

## 12. يالغانچى بالا

١٥-قىستىم ئوقۇدى.

بۇرۇنقى زاماندا بىر بالا كۈندە تاغقا قوي باققىلى چىقىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ يەنە قوي باققىلى چىقىپتۇ. قويلارنى ئوتلاقتا قويۇپ بېرىپ، تۇرۇپ كاللىسىغا، كىشىلەرنى بىر ئەخمەق قىلمايمۇ، دېگەن ئوي كېچىپتۇ ـ دە، پەسكە قاراپ:

ـ بۆرە كەلدى! ۋاي بۆرە كەلدى! ـ دەپ توۋلاپتۇ.

تاغ باغرىدا ئىشلەۋاتقان كىشىلەر يۈگۈرۈپ تاغقا چىقىشسا بۆرە كۆرۈنمىگۈدەك. قويچى بالا بولسا خىرىلداپ كۈلۈپ:



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

—بۆرە كەلمىگەنتى، مەن سىلەرگە چاقچاق قىلىپ قويغان، - دەپتۇ.


ئەتىسى قويچى بالا يەنە ئۇلارنى ئالداپ: «بۆرە كەلدى! بۆرە كەلدى!» دەپ توۋلاپتۇ. كىشىلەر ھاپىلا - شاپىلا ئىشلىرىنى تاشلاپ يۈگۈرۈپ چىقسا، يەنە قويچى بالا ئۆزلىرىنى ئالدىغانىكەن. شۇڭا، بۇ قېتىم ئۇلار ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ تاغدىن چۈشۈپتۇ.



ئۆگۈنى راستىنلا بۆرە كەپتۇ. بۇ قېتىم قويچى بالا «بۆرە كەلدى! بۆرە كەلدى!» دەپ جان - جەھلى بىلەن توۋلىغان بولسىمۇ، كىشىلەر، ئۇ يەنە بىزنى ئالداۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ تاغقا چىقماپتۇ. نەتىجىدە بۆرىلەر قويلارنىڭ

ھەممىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

ساۋاقداش، قېنى دەپ بېقىڭچۇ، كىشىلەر نېمىشقا بۆرىنى قوغلىغىلى تاغقا چىقمىدى؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ئوقۇڭ

تېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا توغرا، راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قى- لىڭ.


تولدۇرالايمەن

يالغان گەپ قىلغان كىشىنىڭ ______________ ______________ .

يالغان سۆزلەش ______________ .


كۆچۈرۈۋالاي
ئېسىمدە ساقلاي

ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ،
ئويلاپ سۆزلە.

يالغانچىغا ئالدانساڭ،
ئۆز ئۇۋالىڭ ئۆزۈڭگە.



تېكىست ۋەقەلىكىگە ئاساسەن
نومۇر ئورۇنداپ باقايلى.

# مەشىق باغچىسى



بۇلار ئەدەپ ـ ئەخلاق سۆزلىرى ئىكەن.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ياخشىمۇ سىز، مەرھەمەت، رەھمەت، ئەرزىمەيدۇ، ئەپۇ قىلىڭ (كەچۈرۈڭ)...



بۇلار ھاۋارايىدىكى شەرتلىك بەلگىلەر ئىكەن.





چۈشىنىۋالاي
كۆچۈرۈۋالاي

| | |
|---|---|
| كۆز بويىماق | بۇگۇنكى ئىشنى ئەتىگە قويماق |
| قۇلىقى يۇمشاق | گەپ يېمەك |
| ئاچكۆز | ھەرىكەتتە ـ بەرىكەت |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق سۆز-
لەرنى تاللاپ قوياللايمەن.

1) مەن دەم ئېلىش كۈنۈمنى خۇشال ئۆتكۈزدۈم.
(بەختلىك، خۇشال، شادلىق)

2) ئۇ ئۆز خاتالىقىنى تونۇدى.
(بايقىدى، كۆزەتتى، تونۇدى)




تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىق كېلى-
دىغانلىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرالايمەن.

| | |
|---|---|
| يالغانچى | باغرى |
| تاغ | كۈلۈش |
| سۇغا قانغان | پۈۋلەش |
| خىرىلداپ | مايسىلار |
| قاتتىق | بالا |



رەسىمدىكى ھايۋانلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭ، ئاندىن يېزىڭ.





ئوقۇيالايمەن

## ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىنى قىل

بىر بوۋاي بالىسى بىلەن ئېشەك مىنىپ، بازارغا چىققان ئىكەن، كىشىلەر:

— قاراڭلار خالايىق، بىر ئېشەككە ئىككىسىنىڭ مىنىۋالغانلىقىنى، بىچارە ئېشەككە ئىچىمۇ ئاغرىماپتۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

—دېيىشىپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان بوۋاي بالىسىنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈۋېلىپ، ئەگىشىپ مېڭىشقا بۇيرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر:

— چوپچوك ئادەم ئېشەككە مىنىۋېلىپ، كىچىك بالىسىنى ياياق قويۇپتۇ، شۇمۇ ئىشمۇ؟! — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئوغلىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرگەنلەر:

—ھەي بوۋاي، سىز ياشتا چوڭ تۇرۇپ پىيادە مېڭىپ، ئوغلىڭىزنى ئېشەككە مىندۈرۈپ قويسىڭىز يارىشامدۇ؟ —دەپتۇ، ئەمدى بوۋاي بىلەن ئوغلى ئېشەكنى ئالدىغا سېلىپ ئارقىدىن مېڭىشىپتۇ.

بۇ ھالنى كۆرگەن كىشىلەر:

—يائاللا، نېمانداق گالۋاڭ بوۋاي بۇ! ئېشەك دېگەن مىنىدىغان نەرسە تۇرسا، مىنىۋالماي ياياق كېتىۋاتقىنىنى! —دەپ زاڭلىق قىلىشىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان بوۋاي نېمە قىلارىنى بىلمەي نەۋرىسىگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ.

—بوۋا، خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ئۆزىمىزنىڭ بىلگىنىنى قىلمايلىمۇ! —دەپتۇ نەۋرىسى.

ئاغزاكى
ئالاقه

## كىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش كېرەك؟

يۇقىرىقى لەتىپىدە بوۋاي زادى كىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى كېرەك؟ ئەگەر مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارغا يولۇقساڭلار قانداق قىلىسىلەر؟ ئويلىغانلىرىڭلارنى ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن پىكىرلىشىپ بېقىڭلار.







بەشىنچى بۆلەك

# تىرىشىش ۋە خاسلىق

بىز يېڭى ئەسىرنىڭ خوجايىنلىرى، لاياقەتلىك خوجايىن بولۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز، ئۆزئارا ياردەم بېرىشىمىز، ئېجىل ـ ئىناق ئۆتۈشىمىز، ئۆز ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.



## 13. ساۋات چىقىرىش

لۇتپۇللا كىچىكىدىن تارتىپلا ھېكايە ـ چۆچەك ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى. بىر ئاخشىمى، دادىسى ئۇنىڭغا سادىر پالۋاننىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەردى. لۇتپۇللا ئۇنىڭ تىزىغا جەينىكى بىلەن تايىنىپ، ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىنى تىرىگىنىچە بېرىلىپ ئاڭلىدى. ھې-كايە بەك تەسىرلىك ئىدى. لۇتپۇللا ھېكايىنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى.

بىرھازادىن كېيىن لۇتپۇللا بېشىنى كۆتۈرۈپ سورىدى:

— تۈگىدىمۇ، دادا؟

— تۈگىدى، قانداق، قىزىقمىكەن؟

—بەك قىزىقكەن! ھېلىقى جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ھېكايىسىدىنمۇ قىزىقكەن.

— ھىم، بۇ بولغان ۋەقە، بالام. ئوغۇل بالا دېگەن ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك! ـ دېدى دادىسى ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

لۇتپۇللانىڭ بالىلىق كۆزلىرىدە ئوت چاقناپ كەتتى. باتۇر ئەزىمەت، مەشھۇر قوشاقچى سادىر پالۋان ئۇنىڭ قەلبىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى.

بىر كۈنى، لۇتپۇللا دادىسىغا:

ھېكايە ئېيتىپ بەرگىنە، دېۋىدى، دادىسى مۇنداق دېدى:

— ھەر كۈنى ھېكايە، ھېكايە دەيسەن، ھېكايىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەممىسى كىتابلاردا بار. سەن خەت ئوقۇشنى ئۆگىنىۋال-
ساڭ، ھەممىسىنى ئۆزۈڭ كۆرۈپ بىلىۋالالايسەن.

— بۇ يەردە مەكتەپ بولمىسا!

— بۇ ئاسان، مەن ساۋاق بېرىمەن. سەن ئۆيدە مې-
نىڭ بەرگەن ساۋاقلىرىم بويىچە يېزىپ ئۆگەنسەڭمۇ
بولىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، لوتپوللانىڭ خۇشاللىقتىن
كۆزلىرى ئويناپ كەتتى:

- ئەممىسە، ھازىرلا ساۋاق بەر، مەن خەت ئوقۇش
بىلەن يېزىشنى ئۆگىنەي! - دېدى لۇتپۇللا دادىسىنى
ئالدىرىتىپ.

دادىسى شۇ كۈنىلا بىر دەپتەر ياساپ، ھەرپلەرنى باش-
لاپ بەردى. بۇ لۇتپۇللانىڭ ئالتە ياش ۋاقتى ئىدى. شۇنىڭ-
دىن تارتىپ، ئۇ ھەر كۈنى كەچلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ
شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇراتتى - دە، قېرىنداشنى
چىڭ تۇتۇپ يېزىشقا كىرىشەتتى. بۇنداق ئوقۇش لامپا ئۆ-
چۈرۈلگۈچە، لۇتپۇللا مەجبۇرىي ئۇخلاشقا ياتقۇزۇلغانغا قە-
دەر داۋاملىشاتتى. بەزىدە ئۇ دەپتەرگە بېشىنى قويۇپ، قې-
رىندىشىنى چىڭ تۇتقىنىچە ئۇخلاپمۇ قالاتتى.

لۇتپۇللا مەيلى دادىسى بىلەن ئېتىزلىققا بارسۇن ياكى
باللار بىلەن ئوينىغىلى بارسۇن، ئەپلىك بىر يەرنى تېپىپ،
ئىنچىكە ياغاچ بىلەن يەرگە سىزىپ تەكرارلايتتى.

لۇتپۇللانىڭ تىرىشچانلىقى ئۇنۇم بەردى. ئۇزاققا
بارمايلا ئۇ خەت ساۋاتىنى چىقىرىپ، كىتاب ئوقۇشقا
كىرىشتى.



ئوقۇڭ

دىئالوگلارنى پەرقلەندۈرۈپ ھېس-سىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.



تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئو-قۇپ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋالاي

* لۇتپۇللانىڭ بالىلىق كۆزلىرىدە ئوت چاقناپ كەتتى.

* لۇتپۇللا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

* مەشھۇر قوشاقچى سادىر پالۋان ئۇنىڭ قەلبىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى.



ئۆزىڭىز ياقتۇرغان جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭ.



لۇتپۇللا تاغام توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىمنى سۆزلەپ باقاي.

## 14. پەند ـ نەسىھەت ①

ئەسلىي تېكىستى:

بىلىگ بىلىك يا بەكىم،
بىلىگ ساڭا ئەش بولۇر.
بىلىگ بىلگەن ئول ئەركە،
بىر كۈن دەۋلەت تۈش بولۇر.


يەشمىسى:

بىلىم ئېلىڭ ئەي بېگىم،
بىلىم سىزگە دوست بولۇر.
بىلىم ئالغان ئادەمگە،
بىر كۈن دۆلەت قوش بولۇر.



شېئىرنىڭ يەشمىسىنى ئوقۇپ چۈشىنىۋېلىڭ.

ئوقۇڭ




① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 304 ـ بەتتىن ئېلىندى
ئوقۇتۇشتا شېئىرنىڭ يەشمىسى ئاساس قىلىنىدۇ.

# 15. كىرپە بىلەن بورسۇق

تاڭ سەھەردە كىرپە ئورمانلىقتا مېۋە تەرگىلى مېڭىپتۇ.

ئۇ يول بويىدا بىر بورسوقنىڭ ئورۇندۇق ياساۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بورسوق ئۈچ ئورۇندۇقنى ياساپ بولغان ئىكەن. ئورۇندۇقلار قوپال بولسىمۇ، بىراق بورسۇقنىڭ خېلى ئەجىر قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىكەن.

كىرپە بىر ئورۇندۇقنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ:

— بورسۇقجان، ھەقىقەتەن قولۇڭدىن ئىش كېلىدىكەن، بۇلارنى بىر - بىرىدىن ياخشى ياساپسەن! — دەپتۇ.

— راستمۇ؟ — دەپتۇ بورسۇق خۇشال بولۇپ.

كەچقۇرۇن كىرپە قىپقىزىل ئالمىلارنى يۈدۈپ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

بورسۇق كىرپىنى كۆرۈپ خۇشخۇيلۇق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر ئورۇندۇق سوۋغا قىلىپتۇ.

كىرپە ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— مەن ساڭا ياردەملەشمىگەن تۇرسام، ئورۇندۇقنى ئالسام قانداق بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




بورسۇق كىرپىنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— مەن ئورۇندۇق ياساشنى ئۆگىنىۋاتقان ۋاقتىمدا، سەن ماڭا مەدەت بەردىڭ. قارا، مەن ئورۇندۇق ياسىيالايدىغان بولدۇم. بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، قوبۇل قىلغىن، — دەپتۇ.

كىرپە ئىككى تال ئالمىنى بورسۇققا سۇنۇپ:

— ئالغىن، بۇمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم! — دەپتۇ.

بورسۇق ئالمىنى ئېلىپ:




— پاھ! مەن بۇنداق ئېسىل ئالەمنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن! — دەپتۇ.

كىرپە خۇشال بولۇپ:

— رەھمەت ساڭا! بۇ سۆزۈڭ ھاردۇقۇمنى چىقار-دى، — دەپتۇ.



ئوقۇڭ

تېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا توغرا، راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.



مەنىسىنى بىلىۋالاي

مەدەت بېرىش —

سوۋغا قىلىش —

قولىدىن ئىش كېلىش —

قوبۇل قىلىش —

ئوڭايسىزلىنىش —

ئەجىر قىلىش —



جۈملە تۈزىيەلەيمەن

سەن ھەقىقەتەن خۇشخۇي.

______ ھەقىقەتەن ______ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ ئورۇندۇقلارنى بىر - بىرىدىن ياخشى ياساپسەن.

بۇ بالىلار بىر - بىرىدىن ياخشى .



ئىككىمىز بورسۇق بىلەن كىرپىنى دوراپ رول ئېلىپ ئويناپ باقايلى.



بىرەر ساۋاقداشىمنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى يېزىپ باقاي.

# 16. ئىزباسار تاللاش

ھايۋانات پادىشاھى شىر ھايۋانلار ئىچىدىن ئۆزىگە ئىزباسار تاللىماقچى بوپتۇ. ئۇ:

— ھازىردىن باشلاپ، ھەممىڭلار بىر ھەپتىدىن ئالمىشىپ پادىشاھ بولىسىلەر، كىم ياخشى ئىشلىسە، شۇ، پادىشاھ بولىدۇ! — دەپ جاكارلاپتۇ.

بىرىنچى قېتىم مۇشۇكياپىلاق ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ پادىشاھ بولغانلىقىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ:

— بۇگۇندىن باشلاپ، ھەممىڭلار ماڭا ئوخشاش كۇندۇزى دەم ئېلىپ، كېچىسى ئىشلەيسىلەر! — دەپتۇ. كۆپچىلىك غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ. بىراق بۇيرۇققا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. ھايۋانلار بىر ھەپتىلىك جاپالىق تۇرمۇشنى بېشىدىن كەچۈرۈپتۇ.

ئىككىنچى ھەپتىسى كىنگورۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا:



— ھازىردىن باشلاپ، ھەممىڭلار يول يۇرگەندە ماڭا ئوخشاش سەكرەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماڭىسىلەر! ـ دەپتۇ. كۆپچىلىك كىنگورۇنىڭ گېپىنى
ئاڭلاپ باشلىرىنى چايقاپتۇ. لېكىن ئىلاجىسىز سەكرەپ
مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ئۈچىنچى ھەپتىسى پادىشاھ بولۇش نۆۋىتى مايمۇنغا
كەپتۇ. كۆپچىلىك: «ئۇ، ھەممىڭلار كۈن بويى دەرەخنىڭ



ئۈستىدە شاختىن ـ شاخقا سەكرەپ يۈرىسىلەر، دەپ بۇي-
رۇق قىلارمۇ؟» دېيىشىپ ئەندىشە قىلىشىپتۇ. ئويلى-
مىغان يەردىن مايمۇن:

— بۈگۈندىن باشلاپ، ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئا-
دىتى بويىچە تۇرمۇش كەچۈرۈڭلار! — دەپتۇ. بۇ گەپنى
ئاڭلاپ كۆپچىلىك خۇشاللىقىدىن سەكرىشىپ كېتىپتۇ.

شىر كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:



ـــئەمدى نۆۋەت ئالمىشىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، مەن شۇنى جاكارلايمەنكى، بۇگۇندىن باشلاپ، مايمۇن ھايۋانات پادىشاھى بولىدۇ! — دەپتۇ.


ئوقۇۋڭ

تېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا توغرا، راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.


مەنىسىنى بىلىۋالاي

| | |
|---|---|
| جاكارلاش | ئەندىشە |
| پەخىرلىنىش | بېشىدىن كەچۈرۈش |
| ئىلاجىسىز | |

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com



جۈملە تۈزىيەلەيمەن

كىنگورۇ ھاياجانلانغان ھالدا دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

مەن ________ دەرھال ________ .

ھازىردىن باشلاپ، سەكرەپ يول ماڭىسىلەر.

________ باشلاپ، ________ .



شىر نېمىشقا «نۆۋەت ئالمىشىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى» دەيدىغاندۇ؟



ئەگەر مەن سىنىپ باشلىقى بولسام...



ئەگەر ..........باشلىقى بولسام...

# مەشىق باغچىسى



بۇ سۆزلەرنىڭ قارشى مەنـ-
ـسىنى يازالايمەن.

قوپال — ______ ماختاش — ______

پۇختا — ______ كېچە — ______

يارامسىز — ______ چەكلىك — ______



بۇ سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشىنى، يېزىـ-
ـلىشىنى سېلىشتۇرۇپ بىلىۋالدىم.

تىز ـ تېز ـ تېيىز　　　تۇرۇپ ـ تۇرۇپ

سىزىش ـ سېزىش　　　قىردى ـ قېرىدى

قەددى ـ قەتئى



بۇ سۆزلەرنى بوغۇم ئايرىش
قائىدىسى بويىچە يازالايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

| ئالمىشىش | باشلىرىنى | ئىشلىۋالاي |
|---|---|---|
| ئال — | | |
| مە — | | |
| شىش | | |

بىر تال ______ بىر توپ ______

بىر قاپ ______ بىر نەپەر ______

بىر باش ______ بىر دانە ______



تولدۇرالايمەن



چۈشىنىۋالاي

پېشانىسى ئوچۇق — ئىشلىگەن چىشلەيدۇ

قولى ئوچۇق — ئايىغى يېنىك

يۈزى تۆۋەن — قىن - قىنىغا سىغماسلىق

دائىم كىشىلەرنىڭ ماختىشىنى خالىساڭ،
ياخشى قىلىقلارنى قىل، يۈزۈڭنى يورۇق ئەت.

يالغۇز دەرەخ ئورمان بولماس،
ئىناق ئۆتكەن ۋەيران (بولماس).

بىرلىك بولماي كۈچ بولماس.



كۆچۈرۈۋالاي
ئىسىمدە ساقلاي

# تاغ يولىدا

سەھەر بەكمۇ تۇمانلىق،
تاغ يوللىرى سىيرىلغاق.
يول ماڭالماي قىينالدى،
جەرەن، توشقان، قوزىچاق.

قول تۇتۇشۇپ مېڭىشتى،
سەگەك قەدەم ئېلىشتى.
گاھ شاخلارغا ئېسىلسا،
گاھ مۈكچەيدى، ئېڭىشتى.

شامال كۆرۈپ ئۇلارنى،
بەكمۇ ئىچى ئاغرىدى.
پۈۋلىۋىدى بىر كۈچەپ،
تۇمان دەرھال تارىدى.



ئاغزاكى
ئالاقە

مۇستەقىل ئىشلىگەن بىرەر ئىشىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار. ئاڭلىغۇچىلار سۆز قىستۇرسۇن، سوئال سورىسۇن. كىمنىڭ قىلغان ئىشى ئالاھىدە؟ كىم ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك سۆزلىدى باھالاپ بېقىڭلار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

رەسىمگە قاراپ سۆزلەپ بېقىڭ.



سىز چوڭ بولغاندا نېمە خىزمەت قىلىشنى ياكى قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئويلاۋاتىسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟



سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى
يادلاپ بېرەلەيمەن.

## سادىر پالۋان قوشاقلىرى

بىر پۇرچاقتا بىر قوشاق،
توقۇپ بەردىم ئاخشىمى.
ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم،
گۇل مومامدەك ياخشىنى.

مومام توقىغان بۆزدە،
ماڭا پوسما تىكىپ بەرگەن.
چوڭ دادام پوپۇچ تىكتى،
مەن ئۇنى ئاياپ كىيگەن.


سادىر مەنۇ سادىرمەن،
سادىر بولماي نېمەمەن.
تاغ يولىنى سورىساڭ،
ھەممە جاينى بىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئالتىنچى بۆلەك

# كۆڭۈل - كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر

ئەگەر مېنىڭ خىسلەتلىك بويىقىم بولغان بولسا، نۇرغۇن نەرسىلەرنى سىزىپ، ھاجەتمەن كىشىلەرگە بەرگەن بولاتتىم. كىشىلەر ئۆزئارا كۆيۈنۈشنى تېخىمۇ بىلسىدى، دۇنيا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن بولاتتى.



١٥-قېتىم ئوقۇدى

## 17. دېرىزە ئالدىدىكى شار

ئەركىن ئاغرىپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانىدى. ئۇ يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغاچقا، دوختۇرخانىنىڭ تۈزۈمى بويىچە كېسەل يوقلىغۇچىلار ياتاققا كىرگۈزۈلمەيتتى، ئۇنىڭمۇ سىرتقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى.

ئەركىن كارىۋاتتا دېرىزىگە قاراپ ياتاتتى. بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىن نېمىنى كۆرگىلى بولىدۇ دەيسىز. ئۇدۇلدىكى بىنا ۋە ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكىدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ يېتىۋېرىپ ناھايىتى زېرىكتى.

توساتتىن بىر قىزىل شار لەيلەپ، دېرىزە ئالدىغا كېلىپ توختىدى. شار بىردەم تىنچ تۇرغاندىن كېيىن بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىشكە باشلىدى. بۇ نېمە ئىشتۇ؟



ئەركىن سەپسېلىپ قارىدى. شارغا ئوماق بىر بالىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان يۈز سۈرىتى سىزىلغانىدى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلدى، كۆڭلىدە: «بۇ چوقۇم ھەسەننىڭ تاپقان چارىسى» دەپ ئويلىدى. ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىنى بىلدى.

ئەركىننىڭ كۆڭلى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇ ھەسەننىڭ شار يېپىنى ھە دەپ تارتىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرنەچچە ساۋاقدىشىنىڭ ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ چۇرقىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى.

ئەركىن دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان «ئوماق بالا» غا قارىغىنىچە كۈلۈپ كەتتى.



ئوقۇڭ

تېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا توغرا، راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.



جۈملە تۈزىيەلەيمەن

شارغا ئوماق بىر بالىنىڭ يۈز سۈرىتى سىزىلغان ئىدى.

ئوماق: ئۇ بالا ئوماق ئىكەن.

ئەركىن دېرىزىگە قارىغىنىچە كۈلۈپ كەتتى.

كۈلۈش: ئۇ بالا كۈلۈپ كەتتى.



تېكىستتىكى بەشتىن ئارتۇق
بوغۇمدىن تۈزۈلگەن سۆزلەرنى تا-
پالايمەن ۋە ئۇلارنى كۆچۈرۈپ يازا-
لايمەن.



ئەگەر مېنىڭ يېقىن ئادىمىم يۇ-
قۇملۇق كېسەل بىلەن دوختۇرخانىدا
يېتىپ قالغان بولسا، مەن ئۇنى مۇنداق
ئۇسۇلدا يوقلىغان بولاتتىم...



كۆچۈرۈۋالاي
ئىسىمدە ساقلاي

تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر.

ئىش — ئۆملۈكتە،
كۈچ — بىرلىكتە.

www.uyghurkitap.com

# 18. بولسا مېنىڭدە...



بولسا مېنىڭدە
خىسلەتلىك بوياق،
چۆللەرگە سىزسام
خورىماس بۇلاق.
تاشسا بۇلدۇقلاپ
ئاينىسا توغراق،
قانسا سۇ ئىچىپ،
تۆگە، بوتىلاق.

بولسا مېنىڭدە
خىسلەتلىك بوياق،
سىزسام قۇشلارغا
داننى جىقىراق.
قۇش بالىلىرى
تويدۇرسا قورساق.
دان دەپ ئانىسى
كەتمىسە يىراق.







بولسا مېنىڭدە
خىسلەتلىك بوياق.
مېيىپ دوستلارغا
سىزسام پۇت، قۇلاق...
يەتتە ئەزايى
بوپ قالسا ساپساق.
بىللە ئۆگىنىپ،
بىللە ئوينىساق.



بولسا مېنىڭدە
خىسلەتلىك بوياق.
...............



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوقۇڭ
يادلىۋېلىڭ

شېئىرنى ھېسسىياتلىق دېكلا-
ماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭ ۋە
يادلىۋېلىڭ.



مەنىسىنى
بىلىۋالاي

| | |
|---|---|
| خاسىيەتلىك | مېيىپ |
| خورىماس | چۆل |
| توغراق | |



ئوقۇيالايمەن
سۆزلىيەلەيمەن

ئەگەر مېنىڭ خىسلەتلىك بويـ-
قىم بولسا:

مەن قۇشلارغا جىق دان سىزىپ
بېرەتتىم.

مەن چۆللەرگە سۇيى خورىمايدى-
غان بۇلاقلارنى سىزىپ بېرەتتىم.

مەن.............................

## 19. ئىككى پارچە كۈندىلىك خاتىرە

2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، جۈمە، ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن مېنى پارتىدىشىم ئەركىن: «سەن قەلەندەر-مۇ؟!» دەپ ئەيىبلىدى.

ئەسلىدە مەن ئۇ تاشلىۋەتكەن پۇچۇق ئۆچۈرگۈچنى يەردىن ئېلىپ، قەلەمدېنىمغا سېلىۋالغان ئىدىم، ئەركىن بۇ ئىشنى كۆرۈپ قالغان چېغى. مەن:

— ئاداش، بۇ ئۆچۈرگۈچنى يەنە ئىشلەتكىلى بولىدىكەنغۇ؟ — دېدىم. ئەركىن باللارغا:

— ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار! بۈگۈندىن باشلاپ تاشلىۋېتىدىغان ئەسكى ـ تۈسكىلىرىڭلار بولسا غەيرەتكە بېرىڭلار! — دەپ توۋلىدى. باللار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

مەن ئىسراپچىلىققا ئۆچ. رەھمەتلىك بوۋام دائىم ماڭا: «ئىسراپچىلىق قىلسا يامان بولىدۇ» دەيتتى. شۇڭا، مەن پۇچۇق ئۆچۈرگۈچنى ئۆزۈم ئىشلىتىپ، يېڭى ئۆچۈرگۈچۈمنى نامرات ساۋاقدىشىم يۇلتۇزغا بېرەي، دەپ ئويلاۋاتىمەن.

سۆيۈملۈك بوۋا، بۇ قىلغىنىم توغرىمۇ؟

2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، جۈمە، ھاۋا ئوچۇق.

مەكتىپىمىزدە نامرات رايوندىكى بالىلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. بالىلار بەس ـ بەستە كىيىم ـ كېچەك، كىتاب ـ ژۇرناللارنى ئىئانە قىلدى. مەنمۇ پاكىز ساقلىغان كىيىملىرىمنى، كىتابلىرىمنى، يەنە ئۇزاقتىن بېرى يىغىپ كەلگەن 50 يۈەن پۇلۇمنى مۇئەللىمگە تەڭلىدىم.

—بۇ پۇلنى نەدىن تاپتىڭىز؟ ـ دېدى مۇئەللىم. بۇ چاغدا ئەركىن:



— غەيرەتجان بەكمۇ تېجەشلىك، ئۇ بىزنىڭ ئۆ-
گىنىش ئۆلگىمىز، - دېدى.
باللار ماڭا قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. بوۋا، شۇ
تاپتا سىز ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراۋاتقاندەك بىلىندىڭىز.



ئوقۇڭ

تېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا توغرا، راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.



مەنىسىنى بىلىۋالاي

ئىسراپچىلىق


ئىئانە قىلىش

نامرات

تېجەشلىك

بەس - بەستە

ئۆلگە



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەشىق باغچىسى



ئوقۇيالايمەن

چوقۇم ئورۇندايمەن، جەزمەن ئورۇندايمەن

تولدۇرالايمەن

چوقۇم ______ جەزمەن ______ .

ئىنتايىن مۇھىم، ناھايىتى مۇھىم، بەكمۇ مۇھىم.

ئىنتايىن ______ ناھايىتى ______ بەكمۇ ______.













سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىسىنى يازالايمەن

ئارتۇقچىلىق —　　　ئاچچىقلىنىش —
باي —　　　يۇقۇملۇق —
دوست —　　　جاپا —

ساغلام بەدەن ________________
سوغۇق ________________
بۇك ـ باراقسان ________________
سۇپسۇزۇك ________________
ئوتتەك قىزىل ________________


تولدۇرالايمەن



جۈملە ئاخىرىغا مۇۋاپىق تىنىش
بەلگىلىرىنى قويالايمەن.

مەن مەكتەپ مەيدانىدىن بىر تال قەلەم تېپىۋالدىم (　)
ئالىم بۈگۈن نېمىشقا مەكتەپكە كەلمەپتۇ (　)



سۆزلەرنى قۇردىن ـ قۇرغا كۆ-
چۈرۈش قائىدىسى بويىچە يازالايمەن.

3 ـ دوختۇرخانا　　　ئائىلىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چۈشىنىۋالاي
كۆچۈرۈۋالاي

| | |
|---|---|
| داغ چۈشۈرمەك | چىشىنى چىشلىمەك |
| كۆڭلى يۇمشاق | كۆز - قۇلاق بولماق |



ئوقۇيالايمەن
يادلىيالايمەن

كىم كىم بىلەن دوست



كىم كىم بىلەن دوست؟
پىلەك بىلەن خەمەك دوست.
قول تۇتۇشۇپ ئوينايدۇ،
ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلمايدۇ.



كىم كىم بىلەن دوست؟
ھەرە بىلەن گۈللەر دوست.
ھەرە ھەسەل يىغىدۇ.
گۈللەر خۇشال كۈلىدۇ.




كىم كىم بىلەن دوست؟
بۇلۇت بىلەن شامال دوست.
شامال ئۇچسا قاياققا،
بۇلۇت ئۇچار شۇ ياققا.



كىم كىم بىلەن دوست؟
ساۋاقداشلار ئىناق دوست.
بىللە ناخشا ئېيتىمىز،
مەكتەپتىن تەڭ قايتىمىز.

ئاغزاكى ئالاقە

## ئۆيگە مېھمان كەلگەندە



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاپىڭىز ئۆيدە يوق چاغدا جەمىلە ھەدە ئا-
پىڭىزنى ئىزدەپ كەلدى. سىز جەمىلە ھەدىنى
قانداق كۈتىسىز؟

رەسىمگە قاراپ ئاۋۋال سۆزلەپ، ئاندىن رول ئېلىپ ئويناپ بېقىڭ.

رەسىم مەزمۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تولۇقلاڭ.

جەمىلە ھەدە ئاپامنى ئىزدەپ كەلگەندە، ئاپام ئۆيدە يوق ئىدى. مەن ________________________

________________________________________

________________________________________

جەمىلە ھەدە مېنى: «ئىش ئۇقىدىغان، ئەدەپلىك ياخشى بالا ئىكەنسىز» دېدى.



مەن دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق
توغرىسىدا بىر ناخشا ئېيتىپ
بېرەي.




بۇ مېنىڭ كۈندىلىك خاتىرەم.

يەتتىنچى بۆلەك

# تەبىئەت ئانام

كۆپكۆك ئاسمان، ئاپئاق بۇلۇت، ئېگىز تاغ، ئويناق دەريا ـ ئېقىنلار نەقەدەر گۈزەل ـ ھە! ئانا تەبىئەتنى قوغداش بىزنىڭ بۇرچىمىز.



## 20. زۇمرەت كۆل

يازلىق تەتىل كۈنلىرىنىڭ بىرى، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى سايرام كۆلىگە باردۇق. ئاپتوبۇس كەڭسايىنى بويلاپ مېڭىپ تەلكە داۋىنىدىن تۆۋەنلىشىگە، ئاپتوبۇس-تىكى كىشىلەر: «سايرام، سايرام كۆلى!» دەپ چۇرقىرى-شىپ كەتتى. بىز بۇ يەردە ئاپتوبۇستىن چۈشتۇق. كۆز



ئالدىمىزدا بىپايان كۆك «دېڭىز» يېنىك چايقىلىپ تۇ-راتتى. ئېگىزلىكتىكى بۇ مەنزىرە كىشىنى تولىمۇ مەھلىيا قىلاتتى.

بىز يۇگۇرگىنىمىزچە كۆل بويىغا باردۇق. كۆك

ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلار زۇمرەتتەك كۆل سۈيىدە ئەكس ئېتىپ، توپ ـ توپ ئاق قۇلار ئۈزۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. تاغ شامىلى كۆل سۈيىنى سۆيۈپ ئۆتكەندە، سۇ يۈزىدە قات ـ قات يېنىك دولقۇنلار پەيدا بولاتتى. سۇ بىردەم كۈمۈش رەڭدە، بىردەم يېشىل رەڭدە چاقنايتتى. يەنىمۇ يىراققا قارىغۇدەك بولسىڭىز، بېلىقلار ئەركىن پىلتىڭلاپ ئويناۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كۆل شاۋقۇنى بىزگە گەپ قىلىۋاتقاندەك يېقىملىق پىچىرلايتتى. سىڭلىم ئىككىمىز كۆل سۈيىنى ئوچۇملاپ ئېلىپ يۈزىمىزنى يۇدۇق.

دادامنىڭ ئېيتىشىچە، سايرام كۆلىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرى 90 مېتىر كېلىدىكەن، كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر، كەڭلىكى 23 كىلومېتىر ئىكەن.

بىز كېمە توختىتىش مەيدانىغا كەلدۇق. كاتېرغا چۈشۈپ ئوينىدۇق. كاتېر ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە، بىز كۆلنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلماقتىمىز.

كاتېر كۆلنى بىر ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن قىرغاققا قايتتى. كاتېردىن چۈشۈۋېتىپ، كۆل گىرۋىكىدە لەيلەپ تۇرغان مىنېرال سۇ بوتۇلكىسىنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنى ئېلىۋەتتىم. دولقۇن قىرغاققا ئۇرۇلۇپ ماڭا سۇ چاچراتتى. بۇنى كۆرگەن سىڭلىم قاقاقلاپ كۈلۈپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئاكا، كۆل سىزگە رەھمەت ئېيتىۋاتىدۇ، — دېدى.



ئوقۇڭ
يادلىۋېلىڭ

تېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا توغرا، راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ. ئۆزىڭىز ياقتۇرغان قىسىمنى يادلىۋېلىڭ.



مەنىسىنى
بىلىۋالاي

| | | |
|---|---|---|
| مىنېرال سۇ | ئەكس ئېتىش | زۇمرەت |
| كاتېر | مەھلىيا | شاۋقۇن |



مۇۋاپىق سۆزلەرنى
تولدۇرالايمەن

ئاسمان ________ شامال ________

كۆل ________ دېڭىز ________




جۈملە
تۈزىيەلەيمەن

كۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاق
بۇلۇتلار كۆل يۈزىدە ئەكس ئېتەتتى.

________ ئەكس ئېتىش ________

ئەركىنىنىڭ ئۇچۇرغان لەگلىكى بىردەم ئېگىز
كۆتۈرۈلسە، بىردەم پەسلەيتتى.

________ بىردەم ________ بىردەم ________.



www.uyghurkitap.com

## 21. ئوينىۋالغىن، بىلىجان

كۆلگە بېلىق تۇتقىلى
بارسا خەقلەر، بىلىجان،
سۇزۇك سۇغا قارماقنى
سالغىنىدا بىلىجان؛

ئەتراپىغا يەمچۈكنىڭ
كېلىۋالدىڭ بىلىجان.
گاھى ئۇنى ئاغزىڭغا
سېلىۋالدىڭ، بىلىجان.

تارتسا ئەگەر قارماقنى،
ئىلىنىسەن، بىلىجان.
«قويۇپ بەرگىن مېنى» دەپ،
يېلىنىسەن، بىلىجان.

ساڭا سالغان قارماققا
ئىلىنمىغىن، بىلىجان،
سەنمۇ بىر جان ئىگىسى،
ياشا ئەركىن، بىلىجان.



ئۇۋاپ بىرەي نان ساڭا،
تويۇۋالغىن، بىلىجان.
شوڭغوپ سۇدا پىلتىڭلاپ
ئوينىۋالغىن، بىلىجان.



ئوقۇڭ
يادلىۋېلىڭ

شېئىرنى پىششىق ئوقۇپ، ھېسسى-
ياتلىق دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق
قىلىڭ ھەم يادلىۋېلىڭ.



چۈشىنىۋالاي
كۆچۈرۈۋالاي






كىچىك ھايۋانلارنىڭ يارىلانغان-
لىقىنى كۆرسىڭىز قانداق قىلىسىز؟

مەن خېلى كۆپ ئۇچار قۇش ۋە
ھايۋانلارنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرە-
لەيمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

١٥ - قىسىم ئۇقۇدى

## 22. قىزىقارلىق بايقاش

بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى، ئەنگلىيىدە دارۋىن ئىسىملىك بىر ئالىم ئۆتكەن.

بىر قېتىم دارۋىن كېمە بىلەن تىنچ ئوكياندىكى بىر كىچىك ئارالغا تەكشۈرۈشكە بارىدۇ. ئۇ ئارالدىكى



هاشاراتلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قانىتى چوڭ، بەزىلىرىنىڭ قانىتى يوق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بەكلا غەلىتىلىك هېس قىلىدۇ.



دارۋىن ھەر خىل ھاشاراتلارنى تۇتۇپ كېلىپ، قايتا ـ قايتا كۆزىتىدۇ، سېلىشتۇرىدۇ، ئاخىرى بۇنىڭ-دىكى سىرنى تاپىدۇ. ئەسلىدە، بۇ ئارالدا دائىم بوران چىقىپ تۇرسىمۇ، قانىتى يوق ھاشاراتلارنى ئۇچۇرۇپ كېتەلمەيدىكەن، شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئۆلۈش ئېھتىمالى ئان-چە چوڭ ئەمەسكەن. قانىتى ئالاھىدە چوڭ ھاشاراتلار بورانغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولغاچقا ھايات قالغان ئىكەن. ئۇۋال بولغىنى، قانىتى ئانچە چوڭ بولمىغان ھاشاراتلار بولۇپ، ئۇلار ئۇچالىغىنى بىلەن بورانغا بەر-داشلىق بېرەلمەيدىكەن، شۇڭا يوقىلىپ كەتكەن ئىكەن.



بۇ قىزىقارلىق بايقاش دارۋىننىڭ كېيىنكى تەتقىقاتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.



ئوقۇڭ

تېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا توغرا، راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.






ئوقۇيالايمەن
يازالايمەن



تولتاشتۇرالايمەن

| | |
|---|---|
| بايقاش | تۇرمۇش |
| ئالاھىدە | سېزىش |
| غەلىتە | چىداشلىق |
| بەرداشلىق | ئىنتايىن |
| ھايات | ئاجايىپ |

مەن دارۋىن توغرۇلۇق يەنە باشقا ھېكايىلەرنىمۇ بىلىمەن، سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي.





ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىپ، ھاشاراتلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى.

# مەشىق باغچىسى



تۆۋەندىكى سۆزلەرنى سېلىشتۇرۇپ باقاي.

| | | | |
|---|---|---|---|
| مەيىن | ئۆزگىچە | گاھىدا | شۇڭغۇش |
| ئىللىق | ئالاھىدە | بەزىدە | چۆكۈش |



ئوقۇيالايمەن
جۈملە تۈزىيەلەيمەن

بۇ ئارالدىكى ھاشاراتلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قانىتى ئالاھىدە چوڭ، بەزىلىرىنىڭ قانىتى يوق ئىكەن.

بەزىدە مەن سىڭلىمنىڭ ئۆيىگە باراي، بەزىدە سەن مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلگىن.

...... بەزى ......، بەزى .......



ئوقۇپ
كۆچۈرۈۋالاي

يوپۇرماق — دەرەخنىڭ بۆرنى. دەرەخلەر بولغانغان ھاۋانى يوپۇرماق ئارقىلىق سۈمۈرۈۋالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يوپۇرماق — دەرەخنىڭ ئاغزى. دەرەخلەر يوپۇرماق ئارقىلىق ساپ هاۋا چىقىرىدۇ.

يوپۇرماق — دەرەخنىڭ كىيىمى. يوپۇرماق بولغاچقا، دەرەخلەر كۆركەم، رەڭدار كۆرۈنىدۇ.

يوپۇرماق — ئىنسانلارنىڭ دوستى. ئۇ يەر شارىمىزنى، تۇرمۇشىمىزنى گۈزەللەشتۈرىدۇ.



ئوقۇيالايمەن
يادلىيالايمەن

## ئاڭلا، قۇلۇلە

قۇلۇلە، قۇلۇلە،
چۆپ ئۈستىدە يۈرگىنە.
يۇدۇۋاپسەن ئۆيۈڭنى،
قانچە ئېغىر، دېگىنە.



ئالسام سېنى قولۇمغا،
مۆكۈۋالدىڭ ئۆيۈڭگە.
قورقماي ماڭا قارىغىن،
قۇلاق سېلىپ سۆزۈمگە.

ئېزىپ قاپتۇ يولىدىن
كىچىككىنە چۈمۈلە.
يارىلىنىپتۇ پۇتلىرى،
يالغۇز ئىكەن ـ بىرگىنە.



كەچ كۆز كىردى، سوغ چۈشتى،
مۇزلاپ كەتتى چۈمۈلە.
ماقۇل دېگىن، بولامدۇ؟
تونۇۋالسۇن ئۆيۈڭدە.

سۇسىز هايات بولماس،
ئەمگەكسىز راھەت (بولماس).



كۆچۈرۈۋالاي
ئىسمىدە ساقلاي

ئاغزاكى
ئالاقە

## هايۋانلارنى قوغدايلى

ئىنسانلارغا پايدىلىق هايۋانلار قايسىلار؟ قانداق پايدىسى بارلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭلار. ئۇلارنى قانداق قوغداش توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۆۋەندىكى يېڭىلتماقلارنى سا-
ۋاقداشلارغا تېز سۈرئەتتە بىرنەچچە
قېتىم ئوقۇپ بېرەي.

كالتە قۇيرۇق قارا كالا،
ئالتە يېرى ئالا كالا.

بىزنىڭ ئۆيدە تۆت تەكچە، چەتتىكى
تەكچە چاك تەكچە.



كۆپچىلىكنىڭ ئەخلەتلەرنى قا-
لايمىقان تاشلىماسلىقى ئۈچۈن بىر-
نەچچە ئېغىز تەكلىپ بېرەي.



قۇش ئۇۋىلىرىنى بۇزماس-
لىق توغرىسىدا ۋەدە بېرەي.


مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە
ھاشارات ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئەۋرىشكىسى
يىغىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ،
كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرايلى.



## سەككىزىنچى بۆلەك


# سىرلىق دۇنيا

بىزنىڭ سوراپ-سوراپ تۈگىتەلمەيدىغان «نېمە ئۈچۈن» لىرىمىز بار، بۇ «نېمە ئۈچۈن» لەرنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن، ئىلىم-پەننى سۆيۈشىمىز، مېڭە ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشىمىز كېرەك.



## 23. مەن نېمە

مەن ئۆزگىرەلەيمەن. ئاپتاپتا ھورغا ئايلىنىمەن. ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ سانسىز كىچىك تامچىلارغا ئايلىنىمەن. ھاۋادا ساياھەت قىلىمەن. بەزىدە ئاق، بەزىدە قارا كىيىنسەممۇ، ئەتىگەن ھەم كەچتە قىزىل كىيىنىمەن. بۇنداق چاغلاردا ئادەملەر مېنى «بۇلۇت» دەيدۇ.




مەن ئاسماندا ئەگىپ يۈرگەندە سوغۇق شامالغا ئۇچراپ قالسام، ئۇششاق تامچىلارغا ئايلىنىپ يەرگە چۈشىمەن. بۇ چاغدا كىشىلەر مېنى «يامغۇر» دەيدۇ. قىش كۈنلىرى كىچىك ئاق چېچەككە ئايلىنىپ، ئۇچقۇنداپ يەرگە چۈشسەم، كىشىلەر مېنى «قار» دەيدۇ. بەزىدە مارجاندەك ئاپئاق مۇز بولۇپ چۈشسەم، كىشىلەر مېنى «مۆلدۈر» دەيدۇ.

www.uyghurkitap.com



كۆپىنچە كۆللەردە ئۇخلايمەن، ئېرىقلاردا ساياھەت قىلىمەن، دەريالاردا ئۆركەش ياسايمەن، دېڭىزلاردا ناخشا ئېيتىمەن ھەم ئۇسسۇل ئوينايمەن.



بەزى چاغلاردا مەن بەكلا مۇلايىم، بەزى چاغلاردا تەلۋىلىشىپ كېتىمەن. مەن ياخشى ئىشلارنىمۇ كۆپ قىلدىم. ئېتىزلارنى سۇغىرىپ، ماشىنىلارنى ھەرىكەت- لەندۈرۈپ ئىنسانلارغا ياردەملەشتىم. لېكىن، مەن قىل- غان يامان ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس. زىرائەتلەرنى چۆكتۈرۈپ،

ئۆيلەرنى ئۆرۈپ ئىنسانلارغا ئاپەت ئېلىپ كەلدىم. كىشىلەر مېنى يامان ئىشتىن توسۇپ، ياخشى ئىشقا سېلىش ئۈچۈن كۆپ ئەقىل ئىشلىتىپ، ئوبدان چارىلەرنى تاپماقتا.

ساۋاقداشلار، بىلەمسىلەر، مەن زادى نېمە؟



ئوقۇڭ يادلىۋېلىڭ

تېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ ھەم ئۆزىڭىز ياقتۇرغان قىسمىنى يادلىۋېلىڭ.



تېكىستنى ئوقۇپ، چۈشىنەلمىگەن سۆزلەرنى چۈشىنىۋالاي ھەم كۆچۈرۈپ يېزىۋالاي.



سىز سۇنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تېكىستنىڭ 2 ـ ئابزاسىنى
تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ كۆ-
چۈرۈپ يېزىڭ.





مەن ئېيتاي، سىز تېپىڭ.

كېسىپ ھەم كېسەلمەيسىز،
تور بىلەن سۈزەلمەيسىز.
ئۆزى سۇيۇق ھەم سۈزۈك،
ئۇنىڭسىز يۈرەلمەيسىز.

10 - قىسىم ئوقۇدى.

## 24. ئالەم تۇرمۇشىدىكى قىزىقارلىق ئىشلار

ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئېيتىپ كەلسەك، بۇ بەكلا قىزىق.

ئالەم كېمىسىدە ئادەم ئۆرە تۇرۇپمۇ، يېتىپمۇ ئوخشاشلا بەھۇزۇر ئۇخلىيالايدۇ. بىراق، ئالەم ئۇچقۇچىلىرى تىنچ ئۇخلاشنى ئويلاپ، ئۆزلىرىنى ئۇخلاش قېپىنىڭ ئىچىگە باغلاپ قويىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا، بىر ئۆرۈلسىلا لەيلەپ قالىدۇ.

ئۇلار ئادەتتىكى ئىستاكاندا سۇ ئىچمەكچى بولسا، ئىستاكاننى ھەرقانچە دۈم قىلسىمۇ، ئىچىدىكى سۇ تۆكۈلمەيدۇ. چۈنكى، ئالەم كېمىسىدە سۇ ئېغىرلىقىنى



يوقىتىدۇ. شۇڭا، ئالەم ئۇچقۇچىلىرى سۇ ئىچكەندە، سۇمۇرۇش نەيچىسى ئورنىتىلغان سۇلياۋ ئىستاكاننى ئىشلىتىدۇ.

ئالەم كېمىسىدە مېڭىش تېخىمۇ قىزىقارلىق. ئادەم ئازراقلا كۈچەپ قويسا، بوشلۇقتا لەيلەپ قالىدۇ. بىرنى يۆتىلىپ قويسىمۇ، كەينىگە بىرنەچچە قەدەم داجىپ كېتىدۇ. مۇقىم ھەم سىلىق مېڭىش ئۈچۈن ئالەم ئۇچقۇچىلىرى ئاستىدا ئىلمىكى بار ئاياغ كىيىپ، تور بېكىتىلگەن پولنى مەھكەم ئىلىپ دەسسەيدۇ.

ئالەم كېمىسىدە يۇيۇنۇش ئانچە ئوڭاي ئەمەس. جۇمەكتىن چىققان سۇ دائىم بوشلۇقتا لەيلەپ قالىدۇ. بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مۇتەخەسسىسلەر بىر خىل ئالاھىدە يۇيۇنۇش ئەسۋابىنى لايىھىلەپ چىقتى. بۇ ئەسۋاب جۇمەكتىن چىققان سۇنى بىر يۆنىلىشتە سۇمۇرۇۋالىدۇ.

قانداق، ئالەم بوشلۇقىدىكى تۇرمۇش قىزىقارلىقمىكەن؟

تېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا توغرا،
راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.



ئوقۇڭ

تېكىستنى ئوقۇپ، يېڭى سۆز-
لەرنى چۈشىنىۋالاي ھەم كۆچۈرۈپ
يېزىۋالاي.



ئالەم كېمىسى ئىچىدە ئۇخلاش، سۇ
ئىچىش، مېڭىش، يۇيۇنۇش قاتارلىقلار-
نىڭ قىزىقارلىق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى
تېكىست ئىچىدىكى بىر ئېغىز سۆز
بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمەن.



ئالەم تۇرمۇشى بەكلا قىزىقارلىق ئىكەن!
ئالەم بوشلۇقى توغرىسىدا مەن يەنە كۆپرەك
نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشنى خالايمەن.



بىز كۇتۇپخانىغا بېرىپ قاراپ باقاي-
لى، ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى
تونۇشتۇرۇلغان كىتابلار بارمىكىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 25. يېزا ئىگىلىكىدىكى زور ئۆزگىرىش




شەنبە كۈنى مەن يېزا ئىگىلىكى پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىنى كۆرگىلى باردىم.



بۇ يەردە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تۆھپىلىرى كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلاتتى. چۈشەندۈرگۈچى خادىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، مۇتەخەسسىسلەر شالغۇتلاشتۇرۇپ يېتىشتۈرگەن ئەلا سورتلۇق شال، شالنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپتۇ. بىز دۇنيا تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ يەتتە پىرسەنتىنى ئىشلىتىپ، دۇنيا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 22 پىرسەنتىنى بېقىۋېتىپتىمىز، بۇ جەھەتتە مۇتەخەسسىسلەر ئالاھىدە تۆھپە قوشۇپتۇ.

مەن بىر چوڭ پارنىك مودېلىنى كۆردۈم. بۇ پارنىك تېمپېراتۇرا، نەملىك ۋە قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈشىنى

توغرا كونترول قىلالايدىكەن. زىمىستان قىش كۈنلىرى-
دىمۇ ئۆينىڭ ئىچىدە گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كېتى-
دىكەن، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ خۇش پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇ-
لۇپ تۇرىدىكەن.




مېنىڭ دىققىتىمنى ئالاھىدە تارتقىنى رەڭلىك
پاختا بولدى. بۇ خىل پاختا قىزىل، سېرىق، يېشىل
رەڭلەردە ئېچىلىدىكەن. توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى بۇ
خىل پاختىدىن بىۋاستە رەڭلىك يىپ ئىگىرىپ، رەڭ-
لىك رەخت توقۇپ چىقىرىدىكەن.



٢ تۇپراقسىز مايسا يېتىلدۈرۈش تېخنىكىسىمۇ قالتىس ئىكەن. تېخنىك خادىملار ھەر خىل ئوزۇقلۇق ماددىلارنى سۇدا ئېرىتىپ، ئۆسۈملۈكلەرنى بۇ خىل سۇغا بىۋاسىتە كۆچۈرىدىكەن. ئۆسۈملۈكلەر بۇ سۇغا تايىنىپمۇ ئىنتايىن ساغلام، بولۇق ئۆسەلەيدىكەن.



مەن ئۆيگە قايتىپ كېتىۋېتىپ: «ئىلغار پەن ـ تېخنىكا بولسا، يېزا ئىگىلىكىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولىدىكەن!» دەپ ئويلىدىم.




ئوقۇك

تېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا توغرا ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.


ئوقۇپ ئەستە قالدۇرۇۋالاي

كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش

گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىش

ئىنتايىن ساغلام، بولۇق

مېۋە - چېۋىلەرنىڭ خۇش پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇش

پەن - تېخنىكا

يېزا ئىگىلىكى


جۈملە تۈزىيەلەيمەن

بۇ ئىشتا ئەزىمەتنىڭ تۆھپىسى بار.

بۇ ئىشتا ئەزىمەتنىڭ تۆھپىسى بار ______.

www.uyghurkitap.com

تېكىستتە بېرىلگەن رەسىملەرگە
ئاساسەن، چۈشەندۈرگۈچى خادىمنىڭ رو-
لىنى ئېلىپ، تېكىست مەزمۇنىنى قايتا
بايان قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەي.






مەن يېزا ئىگىلىكىدىكى
ئۆزگىرىشلەرنى تەسۋىرلەپ بىر
پارچە يازدىم (رەسىم سىزدىم)،
سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي.

## مەشىق باغچىسى



سۇ تۆۋەندىكىلەرگە ئۆزگىرەلەيدىكەن:






تۆۋەندىكىلەرنى قۇردىن قۇرغا كۆ-
چۈرۈش قائىدىسى بويىچە يازالايمەن.

| | | |
|---|---|---|
| 2004 ـ يىلى | 320 جىڭ بۇغداي | 21 ـ بىنا |
| دەرسخانا ئوقۇغۇچى | ئائىلە | بەختلىك |



مەن بۇ رەسىملەرگە قاراپ
قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆز-
لەرنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆچۈرۈۋالاي
ئېسىمدە ساقلاي

قاچا بىكار قىلىدىغان

قورسىقىدا ئومىچى بار

قورسىقىنى يارسا، ئىلپىنىڭ سۆڭۈكى چىقمايدىغان



تاللاپ
ئىشلىيەلەيمەن

لەيلەپ　　　　لەپىلدەپ

قار ئاسماندىن ________ چۈشمەكتە.

كۆك ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار ________ يۈرەتتى.


مەيىن شامالدا قىزىل بايراقلار ________ تۇراتتى.

ئالىم قولىدىكى ياغاچنى سۇغا تاشلىۋىدى، ياغاچ سۇ يۈزىگە ________ چىقتى.

رەسىمدىكى بالىلار قايسى ۋاقىت-
تا، قەيەردە، نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟



# ياخشى توپ



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوقۇيالايمەن
سۆزلىيەلەيمەن

## دانىشمەن ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى

بىر دانىشمەن ئىككى شاگىرت قوبۇل قىپتۇ. بىر ئاخشىمى، ئۇ شاگىرتلىرىنىڭ زېھنىنى سىناپ بېقىش ئويىدا، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىر تەڭگىدىن پۇل بېرىپ:

— مەن سىلەرگە ئازراقلا پۇل بەردىم، لېكىن سىلەر بۇ پۇلغا ئۆي لىق توشقۇدەك نەرسە سېتىۋېلىپ كېلىڭلار! — دەپتۇ.

ئىككى شاگىرت شۇ زامان يولغا چىقىپتۇ.

بىر شاگىرت بىر تەڭگىگە نۇرغۇن قۇرۇق ئوت - چۆپ سېتىۋېلىپتۇ. ئۆي ئوت - چۆپ بىلەن لىق تولۇپتۇ. لېكىن، دانىشمەن بېشىنى چايقاپتۇ. چۈنكى، ئۆيگە قۇرۇق ئوت - چۆپ دۆۋىلەپ قويۇش تولىمۇ ئەخمىقانە ئىش - تە!

يەنە بىر شاگىرت بىر جىنچىراغ سېتىۋاپتۇ. چىراغ ئۆي ئىچىنى يوپيورۇق قىلىۋېتىپتۇ.


بۇ چاغدا ئۇستازى:


ئەقلىڭگە باركاللا ئوغلۇم! - دەپتۇ.


ئاغزاكى ئالاقە

## نېمە ئۈچۈن؟

بىزنىڭ سوراپ ـ سوراپ تۈگىتەلمەيدىغان «نېمە ئۈچۈن»لىرىمىز بار. كىم «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالنى ئەڭ كۆپ قويالايدۇ ۋە جاۋاب بېرەلەيدۇ؟ ئۆزئارا باھالاپ باقايلى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| تىلىمىزدىكى مەنداش ۋە قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر | | |
|---|---|---|
| تۈرى | مەنىسى | مىسال |
| مەنداش سۆز | ئېيتىلىشى ھەر خىل، ئەمما مەنىلىرى ئوخشاش ياكى بىر ـ بىرىگە يېقىن سۆزلەر مەنداش سۆز دېيىلىدۇ. | ئارام ئېلىش، دەم ئېلىش؛ ياخشى، ئوبدان، بەلەن؛ يەر، زېمىن، تۇپراق. |
| قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆز | مەنىلىرى بىر ـ بىرىگە قارشى بولغان سۆزلەر قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر دېيىلىدۇ. | ياش ـ قېرى؛ چوڭ ـ كىچىك؛ كېچە ـ كۈندۈز. |

| سۆزلەرنى قۇردىن قۇرغا كۆچۈرۈش | |
|---|---|
| مەنىسى | مىسال |
| يازغاندا سۆزنىڭ شۇ قۇرغا پاتماي قالغان قىسمى كېيىنكى قۇرغا بوغۇمغا بۆلۈپ كۆچۈرۈلىدۇ ۋە ئالدىنقى قۇردا قالغان بوغۇمدىن كېيىن سىزىقچە ( ـ ) قويۇلىدۇ. | ئەم- تىرىش- گەكچى چان |
| سۆزنىڭ تەركىبىدە يالغۇز سوزۇق تاۋۇش ھەرپى ئايرىم بوغۇم بولۇپ كەلسە، ئۇنى ئايرىپ يۇقىرىقى قۇردا قالدۇرۇشقا ياكى ئاستىنقى قۇرغا بۆلۈپ كۆچۈرۈشكە بولمايدۇ. | ئې- تىزلىق ئەمەس ئېتىز- لىق<br>قەل - ئە ئەمەس قەلئە |
| بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنى ئىككى قۇرغا بۆلۈپ يېزىشقا بولمايدۇ. | پە - رق ئەمەس پەرق |
| قۇرنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ قالغان رەقەملەرنى پارچىلاپ ئىككىنچى قۇرغا بۆلۈپ كۆچۈرۈشكە بولمايدۇ. | 200 ـ 4 ـ يىلى ئەمەس 2004 ـ يىلى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى تور بېكىتى

قوشۇمچە:

# كۈندىلىك خاتىرىنى قانداق يېزىش كېرەك

○ كۈندىلىك خاتىرە بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىز ھەققىدىكى خاتىرىدۇر. ئەھمىيىتى بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىلا كۈندىلىك خاتىرە ئۈچۈن ئوبدان ماتېرىيال بولالايدۇ.

○ مەسىلەن: بىر كۈندە قىلغان ئىشلار، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلار، ئوقۇغان كىتابلار، مەكتەپتە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر، ئۆيدە قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۈندىلىك خاتىرىگە يېزىشقا بولىدۇ.

○ كۈندىلىك خاتىرە يازغاندا، ئاۋۋال خاتىرىلەشكە تېگىشلىك ئىشلارنى تاللاش كېرەك. يېزىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ كۆپ بولۇشىغا ئەمەس، مەزمۇنلۇق بولۇشىغا ئېتىبار بېرىش كېرەك. ئاڭلىغان، كۆرگەن ۋە بىلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزىۋەرمەستىن، بىرەر ئىشنى ياكى ئۆزىڭىزنى ئالغان تەسىراتنى يازسىمۇ بولىدۇ. كۈندىلىك خاتىرىنىڭ دائىم بىر قېلىپتا بولۇپ

قىلىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

○كۆندىلىك خاتىرە يازغاندا يىل، ئاي، كۈن، ھەپ-تىنىڭ قايسى كۈنى ئىكەنلىكىنى ۋە ھاۋا رايىنىڭ قان-داقلىقىنى يېزىش، شۇنداقلا سۆز - جۈملىلەرنى راۋان، خەتنى توغرا ھەم ئېنىق يېزىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## سۆزلەرگە ئىزاھات

### ئا

ئالەم — دۇنيا، پۈتۈن جاھان.

ئايىغى يېنىك — ئىشنى تېز قىلىدىغان، تېتىك، ئىشتىن قاچمايدىغان.

### ئە

ئەندىشە —غەم، تەشۋىش، خاتىرجەمسىزلىك.

ئەكس ئېتىش ـ بىرەر نەرسىنىڭ سىلىق، يالتىراق يۈزىدە كۆرۈنگەن باشقا بىر نەرسىنىڭ تەسۋىرى شەكلى.

### ب

بەس ـ بەستە — بىر ـ بىرىدىن قېلىشمىغان ھالدا.

بىپەرۋا —پەرۋاسىز، بىغەم.

### پ

پەخىرلىنىش — ماختىنىش، مەمنۇن بولماق، غۇرۇر.

پارنىك — گۈل ـ گىياھ، زىرائەتلەرنى تېز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئۈستى يېپىق يالتىراقلىق،

ئەينەكلىك جاھازا.

پەن ـ تېخنىكا ــ پەن ۋە تېخنىكا، ئىلىم، ھۈنەر.

پېشانىسى ئوڭ ــ تەلەيلىك، بەختلىك، ئامەتلىك.

ت

تاقەتسىزلەنمەك ــ ئالدىراپ تۇرماق، سەۋر قىلالـ
ـماسلىق.

توغراق ــ تال ۋە تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق
تاشلايدىغان، چۆلدە ئۆسىدىغان دەرەخ.

تېجەشلىك ــ بۇزۇپ ـ چاچمايدىغان، ئاياپ ئىشـ
ـلىتىدىغان، ئىقتىسادچىل.

تىت ـ تىت بولماق ــ ئەنسىرەپ خاتىرجەمسىزـ
ـلەنمەك، تاقەتسىزلەنمەك، تەقەززا بولماق.

ج

جاكارلاش ــ ئاۋامغا ئېلان قىلىش، ئۇقتۇرۇش،
بۇيرۇق، ئەمر ـ پەرمان بېرىش، يوليورۇق.

چ

چارە ــ بىرەر ئىشنى، مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇـ
رۇش يولىدا قوللانغان ئۇسۇل، ئامال.

چۆل ــ ئۆسۈملۈك، گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخ
ئۆسمىگەن سۇسىز، بىپايان يەر؛ دەشت باياۋان.

چىشىنى چىشلىمەك ــ ئۆزىنى باسماق، سەۋر ـ
تاقەت قىلماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

د

داغ چۈشۈرمەك — شەنگە نۇقسان يەتكۈزمەك.

ز

زۇمرەت — ياپيېشىل كۆرۈنىدىغان قىممەت باھالىق تاش. (بۇ تاش يېشىل، سۈزۈك بولغانلىقى ئۈچۈن رەڭلەرنى تەسۋىرلەشتە «زۇمرەت» سۆزى ئىشلىنىدۇ.)

س

سوۋغات — ھۆرمەتنى ئىپادىلەش، كۆڭلىنى ئېلىش، تەبرىكلەش قاتارلىق تۈرلۈك مەقسەتلەر بىلەن بېرىلىدىغان، ھەدىيە قىلىنىدىغان بويۇم.

ش

شولا — ① بىرەر جىسىمدىن تارقالغان يورۇقلۇق، نۇر، ② ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ سۇدا پەيدا بولغان ئەكسى، سايە.

شاۋقۇن — تۈرلۈك ئاۋازلار ئۆزئارا قوشۇلۇپ كەتكەن كۈچلۈك ئاۋاز.

شالغۇت — ئىككى خىل تۈر، ئۇرۇقداش ياكى ئىككى خىل سورتنى چېتىشتۇرغۇزۇش ئارقىلىق پەيدا بولىدىغان يېڭى سورت.

ق

قارماق — بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان

قورال، ئۇچىدا ئۆتكۈر ئىلمەك بولىدۇ.

قارىسى كۆرۈنمەك — ئىزناسى، سايىسى، كۆلەڭ-گىسى كۆزگە چېلىقماق.

قوبۇل قىلىش — قوشۇلۇش، كۆنۈش.

قۇلىقى يۇمشاق — گەپ ئاڭلايدىغان، گەپكە كىرىدىغان، رايىش.

ك

كۆز بويىماق — ئالدىماق، گوللىماق، ئېزىقتۇر-ماق.

كۆڭلى يۇمشاق — ئوڭايلا رەھمى كېلىش، ئىچ ئاغرىتىش، تەسىرلىنىش.

كۆز - قۇلاق بولماق — پايلىماق، دىققەت قىلماق، پېيىگە چۈشمەك.

كاتېر — ئىچىدىن ياندىغان دېڭىزگاتېل ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان كىچىك تىپتىكى كېمە، قېيىق.

گ

گەپ يېمەك — سۆزگە كىرمەك، گەپ ئاڭلىماق.

م

مەدەت — يار - يۆلەك، ماددىي ياكى مەنىۋى ياردەم.

مېيىپ — جىسمانىي جەھەتتىن ناكار بولۇپ قالغان، مەلۇم بىر ئورگانىزمى كەم، مەجرۇھ.

مۇتەخەسسىس — بىرەر ساھەدە مەخسۇس بىلىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىگىلەپ ھەم شۇ ساھەدە مول تەجرىبىگە ئىگە بولغان كىشى، ئىختىساس ئىگىسى.

مودېل — بىرەر نەرسىنىڭ شەكلى ۋە تۈزۈلۈشىنى بەلگىلىك ماسشتاپ بويىچە كىچىكلىتىش ئارقىلىق ياساپ چىقىلغان، خۇددى شۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدەك نەرسە، شەكىل.

ھ

ھېكمەت — ھەددىدىن زىيادە دانالىق، دانىشمەنلىك. چوڭقۇر مەنە، يوشۇرۇن سىر.

ئۇ

ئۇۋا — ① بەزى ياۋايى ھايۋانلار، قۇشلار ۋە ھاشاراتلەرنىڭ ياشاش ۋە كۆپىيىشىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ياسالغان جاي. ② تۇرار جاي.

ئۈ

ئۈلگە —① كىشىلەر تەقلىد قىلىدىغان، دورايدىغان، ئۆگىنىشكە، نەمۇنە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم، ئىش، نەرسە ياكى ئۇسۇل. ② بىر تۈردىكى نەرسىلەردىن ئېلىنغان نۇسخا، ئەۋرىشكە.

ئى

ئىئانە قىلىش — ① بىرەر ئىش ياكى پائالىيەت ئۈچۈن بېرىلگەن ماددىي ياردەم. ② ياردەم قىلىش، قوللاش مەقسىتىدە يىغىدىغان پۇل.

## ي

يالتىرىماق — پارقىرىماق، چاقنىماق.

يەمچۈك — ئۇچارقانات، هايۋان ۋە بېلىقلارنى تۇتۇش ئۈچۈن قاپقان، قىسماق، قارماقلارغا سانجىپ قويۇلىدىغان يېمەكلىك.

يېزا ئىگىلىكى — زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈش ۋە مال چارۋىلارنى بېقىشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى.

www.uyghurkitap.com

ئو

ئوغۇز ــ يېڭى تۇغقان ئاياللار ۋە ھايۋانلارنىڭ دەسلەپكى، يەنى تۇغۇپ بىرقانچە كۈن ئىچىدىكى سۈ- تى.

ئولجا ــ ئۇرۇش ۋە جەڭلەردە قارشى تەرەپتىن تارتىۋېلىنغان، غەنىيمەت ئېلىنغان بۇيۇم، نەرسە.

ۋ

ۋەتەنپەرۋەر ــ ئۆز ۋەتىنىنى، خەلقىنى سۆيىدى- غان، ۋەتىنىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن جان پىدا قىلىدى- غان كىشى.

ئې

ئېسىپ (ئەسمەك) ــ ئۇرماق، ئۆتمەك، چىقماق، يەلپۈمەك (شامال ھەققىدە)

ئى

ئىپتىخارلىق ــ شان - شەرەپ كەلتۈرىدىغان، پەخىرلەنسە بولىدىغان ئىش، بىركىم ياكى نەرسە.

ي

يۈمران ــ بىخ ھالەتتىكى، يۇمشاق ھالەتتىكى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

九年义务教育课程标准实验教科书

**语 文**

（二年级上册）

经新疆维吾尔自治区中小学教材审定委员会 2004 年审查通过

（维吾尔文）

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ شىنخۇا 3 ـ باسما زاۋۇتى باستى

*

فورماتى: 890 × 1240، 1 / 32؛ باسما تاۋىقى: 4.625

2004 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

2005 ـ يىلى 6 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى

تىراژى: 1 — 35 504

ISBN7 — 5370 — 4978 — 5

G · 1712 (维课) باھاسى: 5.28 يۈەن

نەشر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ.

بېسىش ـ تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 ـ قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001؛ تېلېفون: 0991 — 2864876